2020 سىنتەبىر - ئۆكتەبىر

ئومۇمىي 14-سان



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



قىپقىزىل يالغانچىلىق
1



شان روبېرتس
67



مەمتىمىن ئەلا
96

2020 سېنتەبىر - ئۆكتەبىر
ئومۇمىي 14-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنال

**ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.**

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئىشان روبېرتس ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش
مەمتىمىن ئەلا بىلەن سۆھبەت
مەجىد ناۋاز
ئوقۇشتىكى ماھارەت 56
ئەركىن سىدىق بىلەن كەڭگىس خانىم 63

## خىتاي تەتقىقاتى

قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچىيۈزى
مەخپىي ئۇرۇش 14

## گۈلىستان

سېرىق قولياغلىق 82

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىۋېتىلىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش 86


**مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى**
**بەھرام سىنتاش تارتقان**














## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتايغا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان پەيت كەلدى 48
شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى 52

## ھېكمەتلەر

كارل يۇڭ ھېكمەتلىرىدىن 91

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ئادىللىق ھەققىدىكى ئايەتلەر 43

## بۈيۈك سىمالار

نىزامۇل مۈلك 111

## تارىخ ۋە بىز

ستالىنىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى 79

# قىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست خىتاينىڭ
## دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش
## ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى

# Deceiving the Sky:
## Inside Communist China's Drive for Global Supremacy



بىل گېرتس «ۋاشىنگتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتابى بار.

بىل گېرتس
Bill Gertz

# قىپقىزىل يالغانچىلىقنىڭ خاتىمىسى

## خىتاينى دۈشمەن دەپ ئېلان قىلىپ، خىتاي خەلقىنى ئازاد قىلىش

كوممۇنىست خىتايغا قارىتىلغان قىرىق يىلدىن ئارتۇق يول قويۇش ئاخىرلىشىشى كېرەك. ئامېرىكالىقلار ۋە غەربتىكى كۆپلىگەن كىشىلەر 1980 ـ يىلدىن بېرى تۈنجى قېتىم ئامېرىكا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئۈزگە يۈزلەنگەن ئىنتايىن ئېغىر دۆلەت بىخەتەرلىكى تەھدىتىنى ئازايتىشتا بىر تۈرلۈك يېڭى ئىستراتېگىيەگە جىددىي موھتاج ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى «خىتاي تەھدىتى» رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى.

خىتاي ئوتتۇرىغا چىقارغان بۇ تەھدىت كۆپ تەرەپلىملىككە ئىگە، ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان راك كېسىلىدەك تېز تارايدىغان، پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك تەھدىتتۇر. بۇ كىتابتا كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتاي تەھدىتى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاتوم تەھدىتىدىن ياكى ھەممىگە تونۇشلۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبا ھۇجۇمى تەھدىتىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. خىتاينىڭ تەھدىتى ئىدىئولوگىيە، سىياسەت، دىپلوماتىيە، ھەربىي، ئىستىخبارات، ئىقتىساد، مالىيە ۋە ئۇچۇر تەھدىتىدىن ئىبارەت.

تەھدىت تۈرلىرىنى كۆپ خىل قىلىش بېيجىڭنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى رەھبىرى شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭ خىتاي چۈشىدىن ئىبارەت زۇلمەتلىك تەسەۋۋۇرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا دۇنيا لېدىرى بولۇشتىن ئىبارەت ئىمپىرىيالىستلىق قارا نىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدۇر. خىتاي دۇنيا لېدىرى بولغان چاغدىكى دۇنيا كۆچسىز ۋە مەغلۇپ بولغان ئامېرىكانىڭ سۆزى ئۆتمەيدىغان؛ چېرىكلەشكەن، شەپقەتسىز ۋە بۇلاڭچى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدىغان دۇنيادىن ئىبارەت. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىكتاتورلۇقى بالا ـ قازا ۋە خەتەردۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىكتاتورلۇقىدىن ئىبارەت بۇ بالا ـ قازا ئامېرىكانىڭ 1979 ـ يىلدىن 2017 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى غايەت زور ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش ياسىغان، خىتاينى يۇمشاقلىق بىلەن تىنچلاندۇرۇش تىپىدىكى سىياستى بىلەن يوق بولمايدۇ.

ئەينى زاماندىكى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ھېنرىي كىسسىنجىر (Henry Kissinger) پرېزىدېنت نىكسون دەۋرى ئىستراتېگىيىسىنىڭ بەلگىلىگۈچىسى بولۇپ، بۇ ئىستراتېگىيە ئامېرىكاغا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ تەھدىت

ھېسابلانغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «خىتاي قارتى»نى غەلىبىلىك ئىشقا سالغان. بىراق، كىسسنجېرنىڭ خىتايغا مايىل سىياستى بېيجىڭ 1991 ـ يىلى بۆرە تېرىسىنى كەيگەندىن باشلاپمۇ، يەنىلا ھېچبىر زامان ئۆزگەرمەي كەلگەن. نەتىجىدە، كوممۇنىزمنىڭ مەغلۇبىيىتىگە يىلتىز تارتقان، خەلقئارا تاشقى سىياسەتنىڭ ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى رەت قىلىدىغان بىر ئەۋلاد ئامېرىكا سىياستى بارلىققا كەلدى. خىتاينىڭ مۇلايىملىقىقا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئامېرىكا ئىستراتېگىيىسىنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماۋنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى پالەچلىك ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ قۇتۇلۇش 1980 ـ يىلدىن 2010 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي خەلقىنى ئەركىنلىككە چىقىرىشقا كۈچەشنىڭ ئورنىغا، ئاتمىش مىليون خىتاي نوپۇسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كوممۇنىستىك دىكتاتورلۇققا قۇچاق ئاچتى. ئامېرىكا خىتاي قارتىنى ئويناش ئارقىلىق بېيجىڭنى موسكۋادىكى سوۋېت رېجىمىغا قارشى قويۇشى ئاقىۋەتتە بىر رەزىل ئىمپېرىيىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ رەزىل يېڭى ئىمپېرىيىنى چىقىرىش بىلەن نەتىجىلەندى. بۇ ئىمپېرىيە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى ۋە ئىمپېرىيىنىڭ ياۋۇز ناتسىست ئارمىيىسى ھېسابلانغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن شەپقەتسىزلەرچە ھوقۇقتا تۇراتتى.

2017 ـ يىلى، 18 ـ ماي دەم ئېلىشقا چىققان دېڭىز ئارمىيە كاپىتانى جېيمس فەنىل (James Fanell) ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئىستىخبارات كومىتېتىغا بەرگەن گۇۋاھلىقىدا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، خىتاينىڭ خەترىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دېدى: «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى رايونلۇق ۋە دۇنياۋى ئەڭ ئۈستۈن كۈچ بولۇش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈرەش يولىغا قەدەم قويدى. خىتاينىڭ دۇنياۋى ئۈستۈن كۈچ بولۇشىنىڭ يادروسى خىتاي چۈشىدىن ئىبارەت. خىتاينىڭ دۇنياۋى ئۈستۈن كۈچ بولۇش ئۈچۈن باشلىغان بۇ ئۇرۇشى ئىقتىسادىي، ئالاقە ـ ئۇچۇر، سىياسىي ۋە ھەربىي ئۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» فەنىلنىڭ كۆز قارىشىچە، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى خىتاينى مەنبە قىلغان، بارغانچە ئېشىۋاتقان خەتەرلەردىن (دۆلەتنى) توغرا رەۋىشتە ئاگاھلاندۇرۇشتا ئۇزاق يىللار خاتا يول تۇتقان. «ئىستىخبارات ئورگانلىرى گورۇپپا مۇلاھىزىلەردە خىتاينى باش كۆتۈرۈۋاتقان مۇلايىم كۈچ دەپ قاراپ چوتنى خاتا سوققان. ئەمەلىيەتتە، خىتاي ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيە سىستېمىسىنى دۇنياغا تېز سۈرئەت بىلەن كېڭەيتىۋاتقان ئىدى. خىتايلارنىڭ بىزگە قىلغان سۆزلىرىدە ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلەر بار ئىدى. ئەمما، بىز ئاشۇ ئىشارەتلەرگە سەل قارىدۇق» دەيدۇ فەنىل.

دونالد ترامپ پرېزىدېنت بولغاندىن باشلاپ، ئامېرىكا تۇنجى قېتىم خىتايغا ئەخلاقسىزلارچە يول قويۇشنى ۋە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتىكى خام خىيالنى رەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا، نۆۋەتتىكى خىتاينىڭ كىشىلىك ئەركىنلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان، دېموكراتىيەنىڭ ئاساس قىلغان قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان، ئەركىن بازار كاپىتالىزم يولىدا كېتىۋاتقان ئەركىن ۋە ئوچۇق دۆلەتلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلۇش نىيىتى يوقلۇقىدىن ئىبارەت بىلىنگەن خەتەر ئۈستىگە — بۇ خەتەر پرېزىدېنتنىڭ نەزىرىدە ئاساسلىقى ئىقتىسادىي خەتەردۇر — رېئال سىياسەت ئەندىزىسى بىخ سۈردى.

ھالبۇكى، دۇنيا مىقياسىدىكى كۆپلىگەن كىشىلەردە، بولۇپمۇ سىياسىي سولچىلارنىڭ ئامېرىكاغا قارشى كۈلتۈرەل ماركسىزمىدىن زەھەرلەنگەن ياشلاردا بۇ خىل چۈشەنچىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. (دۇنيادا) ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى سىستېمىنىڭ نەقەدەر قالتىس ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنچە كەمچىللىكى مەۋجۇت. بۇ ھەقتە قۇياشتەك ئايدىڭ ھەقىقەت شۇكى، دۇنيا تارىخىدا ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى ھاكىمىيەت سىستېمىسى ۋە ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى سودا ئىنسانىيەتكە غايەت زور زور دەرىجىدە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن.

مەركىزى ئىستىخبارات ئىدارىسى (CIA) نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى مارك كېلتون (Mark Kelton) خىتاينىڭ تاجاۋۇزچى ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سىستېمىسىغا چېتىشلىق ئىستراتېگىيىسىنىڭ چوڭقۇر ئۆزگۈرۈشكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بېيجىڭنىڭ نىشانى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئامېرىكانىڭ خىتايغا سېلىشتۇرغاندىكى ئىستراتېگىيىلىك ئەۋزەللىكىنى يوققا چىقىرىشتىن ئىبارەت.»

ئىستراتېگىيىسىدىكى تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ئۆزگۈرۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئامىللار نۆۋەتتىكى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى دۇنيا تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ۋە بېيجىڭنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش «ئوتتۇرا پادىشاھلىق»نى دۇنيانىڭ مەركىزىگە قويۇش پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2018-يىلى ئاپرېلدا پرېزىدېنت ترامپ ۋاشىڭتون بىلەن تەيبېي ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بېرىپ كېلىشىنى كۆچەيتىشنى كۆزلەپ تۈزۈلگەن تەيۋەن ساياھەت قانۇنىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى شى جىنپىڭنىڭ قىلغان سۆزىدە بۇ خەتەر تەكىتلەندى. شى جىنپىڭ ھۇجۇم خاراكتېرلىك سۆز قىلىپ، «ۋەتەننى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈش»كە ۋەدە بېرىپ، تەيۋەننى ئىشغال قىلىشقا قەسەم ئىچىپلا قالماي، ھىندىستان، ياپونىيە، جەنۇبىي كورىيە ۋە فىلىپپىن «ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان» خىتاي زېمىنلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىدىن، شۇنداقلا پۈتكۈل جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن سۆز ئاچتى ۋە مۇنداق

دېدى:«بىز دۇنيادىكى ئورنىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى قانلىق جەڭ قىلىشنى قەتئىي قارار قىلدۇق.»

بۇ يېڭى ئىستراتېگىيە يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «ئامېرىكا ساقلانغىلى بولمايدىغان چۈكۈشكە يۈز تۇتتى، خىتاي ئامېرىكانىڭ چۈكۈشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئامېرىكادىن پايدىلىنىشى كېرەك» دېگەن خاتا چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كېلتون مۇنداق دەيدۇ:«ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى رولىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا خىتاي ئۈچۈن مۇھىم بولغىنى، ئۇلار بىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئېغىرلىق مەركىزىمىز دەپ چۈشىنىدىغان سانائەت، مالىيە ۋە تېخنىكا ئىقتىدارلىرىمىزنى جاسۇسلۇق ۋاستىسى ئارقىلىق تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت.»

بۇنىڭدىن سىرت، ئۆز ئىقتىسادىنىڭ تۇرغۇنلۇققا چۈشۈشىگە ئەگىشىپ، بېيجىڭنىڭ كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرى ئۆز رېجىمىنىڭ غايەت زور نوپۇسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشتا بارغانچە بىقۇۋۋەل ھالەتتە قالىدىغانلىقىنى بارا-بارا تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. بۇ ئامىل خىتاينىڭ مەۋجۇت سېستىمىسىنىڭ قانۇنىيلىقىغا نىسبەتەن كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ. بۇ ئامىل پارتىيەنىڭ سىرتقى دۇنياغا ئىشكىنى ئېچىشىنىڭ بەدىلىگە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى لىدېرىنىڭ خىتاي خەلقى بىلەن قىلغان سودىلىشىشىغا تايانغان سېستىمىنىڭ قانۇنىيلىقىغا سوئال قويىدۇ.(2) كېلتوننىڭ ئېيتقىنىدەك:«سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1970-، 1980-يىللاردا توپلىغان ئىلىم-پەنگە ۋە تېخنىكىغا ئالاقىدار غايەت زور جاسۇسلۇق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلگىنىگە ئوخشاش، غەربنىڭ بىلىمىنى زور كۆلەمدە ئوغرىلىغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ بەربىر ئۆز دۆلىتىدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمسىزلىك ۋە زىددىيەتلەرنى ياپالمايدىغانلىقى خىتاي رەھبەرلىرىگە ئايان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز خەلقى ئارىسىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى دۆلەت پەيدا قىلغان تاشقى دۈشمەنلەرگەن ۋە ھەقىقىي تاشقى دۈشمەنلەرگە بۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش ئۇچقۇنلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئېشىۋاتقان سىياسىي قۇتۇپلىشىشىنىڭ ئىچىدە نامايان بولۇۋاتقان ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئېنىقلىقنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت مىللىي قىيىنچىلىقىمىز خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەتلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىقىمىز دېگەن قارىشى كۈچىيىۋاتقان ئىككى پارتىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئورتاق تونۇشىنى پەسەيتەلمىدى.

خىتاي خەلقىنىڭ خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزم-لېنىنىزم (سەپسەتىسى) نىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولۇش سىياسىتىگە ئالاقىدار بىر قاتار تەۋسىيەلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇچۇر جەھەتتە. ئىدىيە ساھەسىدە كەسكىن رىقابەتكە چۈشۈش.

2017-يىلىدىكى ئامېرىكا «دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيىسى»دە خىتاي

ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيىلىك رەقىبى دەپ ئېلان قىلىندى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، تېخىچە خىتاي بىلەن ئىدىيە ساھەسىدە رىقابەتلىشىش ھېسابلىنىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلىنمىدى ياكى يوق ھېسابىتا قىلىندى. ئامېرىكانىڭ نۆۋەتتىكى ئۇچۇر مەشغۇلات سېتمىسى بولمىش ئامېرىكا يەر شارى ئاخبارات ئاگېنتلىقى (U.S. AGENCY FOR GLOBAL MEDIA) [قىسقارتىپ ئاتىلىشى — USAGM] ۋە ئۇنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قانالىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى خەۋەر مەشغۇلات سۈپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرۇلمىسى ئاجىز، يەرشارى ئۇچۇر بازىرىغا باغلىنىشچانلىقى ھېچقانچە كۈچلۈك ئەمەس. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ۋە باشقا رەقىبلىرىمىزدىن كەلگەن ساختا ئۇچۇرلارغا ۋە ئۇلار قوزغىغان ئۇچۇر جېڭىگە كۈچلۈك رەۋىشتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ جەھەتتە يېرىم ئاپتوماتىكلاشقان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش دەۋرىدىكىگە ئوخشاش يېڭى ۋە كۈچلۈك سىستېما قۇرۇپ چىقىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى ئاگېنتلىق ئامېرىكا ئۇچۇر ئاگېنتلىقى (AI) بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خىتاي توغرىسىدا ھەقنى سۆزلەش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ساختا خەۋەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىلگىرى يۈز بېرىپ باقمىغان دەرىجىدە يەر ياشارىغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكا ئۇچۇر ئاگېنتلىقى كوممۇنىستىك سىستېمىنىڭ، بۇ سىستېمىنىڭ چىرىك لىدېرلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەربىي ۋە ئەقىل تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئۇچۇرلارنى كەڭ دائىرىدە تاشۇرۇشى كېرەك. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئۇچۇر ئاگېنتلىقىغا تەۋە بولغان خامىلتون جېففىرسون مەركىزى قاتارلىق ئامېرىكا كۇلتۇرى مەركەزلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جابدۇلغان كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرىغا قارشى ھۆكۈمەت مەبلىغى بىلەن قوللىشى كېرەك. مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى باشچىلىقىدىكى ئوچۇق مەنبەلىك كارخانا (OSE) خىتاي مېدىياسىغا ئائىت زور ھەجىملىك ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، ھەمدە ئىنتېرنېتنى مەنبە قىلغان ئۇچۇر زاپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يېڭىدىن تەشكىللىنىشى ۋە قايتىدىن يۈنىلىشكە سېلىنىشى لازىم. بۇ ئۇچۇرلار ئاشكارا تارقىتىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئامېرىكالىقلار ۋە باشقىلار كوممۇنىستىك خىتاينىڭ ھەقىقىي بايانلىرىنى ۋە ئاشكارا دۆشمەنلىك مۇددىئاسىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. ئوچۇق مەنبەلىك كارخانا خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتلەر تارقىلىق دېموكراتىيىنى ۋە ئامېرىكانىڭ غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەمدەم بولىدىغان كۈچلۈك ئۇچۇر ھەرىكىتى سېستىمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى كېرەك.

2. ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش جەھەتتە. خىتاينىڭ ئامېرىكاغا سىڭىپ كىرىشىنى خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ خىتايغا سىڭىپ كىرىشىنى چەكلىگىنىگە ئوخشاش ئۇسۇلدا چەكلەش.

ئامېرىكا مۇناسىۋەتلەردە ھەممىگە ئورتاق ئادالەتنى كۆزلەش سىياسىتىگە تايىنىپ، كۈچلۈك دەرىجىدە ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى باشلىشى كېرەك. ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى ۋە تۈرلۈك ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئالاقىلەرنى كونترول قىلىدىغان ئۆزگۈرۈشلەرنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، پرېزىدېنت بۇيرۇقلىرى دۆلەت مەجلىسىگە ئائىت قىسقا مۇددەتلىك قانۇنلاردا قوللىنىلسا بولىدۇ. بۇ ئۇچۇر ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم. خىتاي ھۆكۈمىتى ياكى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار بارلىق خىتاي مېدىيالىرىنىڭ ئامېرىكالىق تاماشىبىنلارغا يېتىپ كېلىشىگە چەك قويۇش مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە باغلىنىشلىق نەشرىي بۇيۇملار ۋە رادىئو-تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشلىرىنىڭ ئامېرىكادا تارقىلىشىغا پەقەت ئامېرىكانىڭ تارقىتىشلىرىنىڭ خىتاي تاماشىبىنلىرىغا يېتىپ بارغان مىقدارىغا ماس ھالدا يول قويۇش كېرەك. خىتاينىڭ ئامېرىكا مېدىياسىنى ئەلگەككە سېلىشى خىتاي مېدىياسىنىڭ ماس ھالدا ئامېرىكادىن قوغلىنىشى ياكى ئامېرىكادا چەكلىنىشى بىلەن نەتىجىلىنىشى كېرەك.

3. ئىستىخبارات جەھەتتە. ئامېرىكا ئىستىخباراتىنىڭ مەركىزىنى ۋە مەشغۇلات مېتودىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تەشەببۇسكار ھەرىكەتلەرگە، شۇنداقلا تېخىمۇ تەسىرچانلىقتا ئىگە ئانالىزلارغا يۆتكەش.

ئامېرىكا ئىستىخبارات قۇرۇلۇشىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامېرىكادىكى ئون يەتتە ئىستىخبارات ئورگىنى كوممۇنىست خىتاي ھەققىدە ئۇچۇر توپلاشنىڭ سان ۋە سۈپىتىنى زور كۆلەمدە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى خىتاينى نىشان قىلغان ئىستىخبارات ھەرىكىتىنى ئاشۇرۇشقا كۈندۈرۈلۈشى كېرەك. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى، ئامېرىكا ئىستىخبارات خىزمەتلىرى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر مەنبەلەرگە باشچىلاپ چۆكۈشكە ۋە خىتايغا ئەھمىيەت بېرىشكە سەل قارىدى. خىتاي توغرىسىدا بۇرمىلانغان مۆلچەرلەرنى بازارغا سالغان ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى پېنسىيەگە چىقىشقا مەجبۇرلىنىشى كېرەك. ئىلگىرىكى ئىستىخبارات ۋە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان، بۇ مەغلۇبىيەتلەردە مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلارنى جاۋابكارلىققا تارتىدىغان، شۇنداقلا ئېلىنغان ساۋاقلارغا ئاساسەن زۆرۈر تۈزىتىشلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان بىر كومېتىت قۇرۇلۇشى كېرەك. پۈتكۈل ئامېرىكا ئىستىخبارات سىستېمىسىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئۈنۈمچان ۋە تېخىمۇ غەلىبىلىك ھالەتتە قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن پرېزىدېنت دۆلەت بىخەتەرلىكى قارارى بۇيرۇقىنى يېڭىدىن چىقىرىشى كېرەك.

4. تاشقى سىياسەت \ دىپلوماتىيە جەھەتتە. دىپلوماتىيە سىستېمىسىنى قايتا قۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش.

ئامېرىكا دىپلوماتلىرى ۋە چەتئەل خىزمىتى خادىملىرى بۇ ئۇچۇر دەۋرگە ماس كېلىدىغان يېڭىچە دىپلوماتىك مېتودتا ۋە مۇناسىۋەتلىك ماھارەتلەردە قايتا تەربىيىلىنىشى، خىتايغا قارىتىلغان ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەتلىك دىپلوماتىيەنى رەت قىلىدىغان، خىتايغا قارىتىلغان سىياسەتلەردە يېڭى ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئالارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ يېڭى دىپلوماتىيە كوممۇنىست خىتاينىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە توغرا باھا ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك. خىتايدىكى پىلانلىق شەكىلدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا دوكلات بېرىش ۋە خىتاينى بۇنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن قەدەم ئېلىش بۇ دىپلوماتىيەنىڭ يېڭى نىشانىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. ئامېرىكا خىتاينى يالغۇز قالدۇرۇشنى، ئۆز دۆلىتىدە دېموكراتىك سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى، ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ۋە رايون تەۋەسىدە ئەركىن بازارنى شەكىللەندۈرۈشنى خالايدىغان يېڭى ئىتتىپاقداشلىق قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىشى كېرەك. ئۆتمۈشتىكىدەك نەتىجىسى چىقمايدىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي دىئالوگلارغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك. يېڭى كېلىشىملەر ئەمەلىيلىشىدىغان قورال-ياراق چەكلىمىسى، مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە سودا كېلىشىملىرى قاتارلىق كونكېرت، نەتىجىسى چىقىدىغان قوش تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈش بىلەن چەكلىنىشى كېرەك.

5. ئىتتىپاقداشلىق جەھەتتە. ئاسىيادا ئەركىنلىكنىڭ، گۈللىنىشنىڭ ۋە قانۇن بىلەن باشقۇرۇش تەرەپتارى ماھىيىتىدىكى تور قۇرۇپ چىقىش.

بۇ تور چەتئەللەردىكى خىتايلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن بولۇشى، شۇنداقلا تىنچ شەكىلدىكى دېموكراتىك ئۆزگۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا يۈرگۈزۈۋاتقان كوممۇنىستىك، سوتسىيالىستىك تىپىرلاشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان دېموكراتىيەگە ماھىل شەخس ۋە باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ قاتنىشىشى.، شۇنداقلا تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك ئۇچۇر خىزمىتى ۋاستىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بىر قاتاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا بۇ پروگرامما ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان رايوندۇر.

6. مەدەنىيەت ۋە مائارىپ جەھەتتە. ئامېرىكادا تۇرۇپ ئامېرىكان سىستېمىسىنى سۈيىئىستېمال قىلىۋاتقان خىتايلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويۇش.

تۈمەن مىڭلىغان خىتايلارنىڭ ئامېرىكادا ئوقۇشقا ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ پۇرسەتنى خىتاي خەلقىنىڭ ۋە خىتاي ئارمىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۆز ـ ئارا مەنپەئەتىيەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا چەكلىنىشى كېرەك. ئوخشاش ساندىكى ئامېرىكالىقلارنىڭ ئوخشاش تۈردىكى خىتاي ئىنىستىتۇتلىرىغا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىشى روياپقا چىقمىغان تەقدىردە، خىتايلارنىڭ ئامېرىكادىكى ئوخشاش خىلدىكى داخىل بولۇشلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى زۆرۈر. ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا كىرىۋالغان كۇڭزى ئىنىستىتۇتلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى بىرلىكسەپ فرونتى خىزمەت بۆلۈمى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە قارشى ھەرىكەتلىرىگە يانتاياق بولىدىغان ئورگان بولغانلىقى ئۈچۈن تاقىۋېتىلىشى لازىم.

7. جاسۇسلۇققا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە.

ئاكتىپلىق بىلەن خىتاي ئىستىخباراتىنى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك خىزمىتىنى نىشانغا ئېلىشنى مەركىزى نۇقتا قىلغان زور كۆلەملىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خىزمەتلىرى ۋە ئانالىزلىرى يولغا قويۇلۇشى كېرەك.

2010 ـ يىلى يۈزبەرگەن، خىتايدا يېڭى ئىستىخبارات خادىمىمىزدىن ئوتتۇزى چىقىم تارتقانلىقى مۆلچەرلەنگەن غايەت زور ئاخبارات خاتالىقىغا ئوخشاش خاتالىقلارنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش لازىم. يېڭى مەنبەلەر ۋە يۇقىرى ئىقتىدارلىق خادىملار تەربىيىلىنىپ چىقىلىپ، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھەمدەمچى كۈچلىرى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى بىرلىكسەپ فرونتى خىزمەت بۆلۈمى ۋە باشقا خىتاي ئاپپاراتلىرىغا سىڭىپ كىرىش ۋە بۇلارغا قارشى ھەرىكەتلەر ئۈچۈن يېڭى خادىملار قوبۇل قىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ھوقۇقىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىستىخبارات جەھەتتە سىڭىپ كىرىش ۋە ئىسلاھات ئىدىيىسىدىكى پارتىيە لېدىرلىرىنى ئايرىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە تەسىرگە ئىگە بولۇشىغا ياردەم بېرىشىنىڭ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكاغا قارشى، قاتتىق قول كوممۇنىستىك لېدىرلارنى چەكلەش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش تىپىدىكى تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى بولۇشى كېرەك. دۆلەتلىك ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ، دۆلەتلىك جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگىنىنىڭ دىرېكتورلىرى ۋە بىخەتەرلىك مەركەزلىرى دۆلەت ئىچىدىكىلەرگە ئېسىلىۋېلىشنىڭ، مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ ئېقىپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كىرىشىۋېلىشنىڭ ئورنىغا، ئىنسان ياكى تېخنىكا سۈپىتىدىكى چەتئەل ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن

تاقابىل تۇرۇشقا ئۆتۈشى لازىم. ئۇنۇمدارلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش ئورگانلىرىغا ۋە بۇ ئورگانلارنىڭ خادىملىرىغا ئاجرىتىلىدىغان چىقىم كۆپەيتىلىشى، شۇنداقلا خېرىدار ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ساقلىنىپ تۇرۇشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك.

8. ئىقتىسادىي جەھەتتە. ئامېرىكا ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايدىن قەدەممۇ-قەدەم ئايرىلىش سىياستىنى باشلىشى كېرەك.

تاكى بېيجىڭ سودىدىكى مەسئۇلىيىتىنى دۇرۇستلۇق بىلەن ئادا قىلىشقا باشلىغانغا ۋە غايەت زور تېخنولوگىيە ئوغرىلىق قىلمىشىنى توختاتقانغا قەدەر، ئامېرىكا ھەممە ساھەدە خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردىن قول ئۈزۈشى لازىم. خىتاينىڭ سودىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەدىسى تېخنولوگىيە بىلەن مەجبۇرىي تەمىنلەش تەلىپى قاتارلىق ئادالەتسىز قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز بازىرىنى سىرتقا ئېچىش ۋە ئادىل سودىغا يول قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. بۇ ئايرىلىش خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۇنىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش پىلانىدىن يېنىشىغا بېسىم ئىشلىتىدىغان پىشاڭ سۈپىتىدە قوللىنىلىشى كېرەك. سابىق خىتاي رەئىسى جياڭ زېمىن خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش پىلانىنى تۇنجى قېتىم يىغىنچاق بايان قىلىپ، بېيجىڭنىڭ دۇنياۋىي ھۆكۈمران كۈچ بولۇشتىكى مەخپىي پىلانىنى «كۈچ بىلەن قورقۇتۇپ، پۇل بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈش» جۈملىسىگە يىغىنچاقلىغان.

9. پۇل-مۇئامىلە جەھەتتە. خىتايغا قارشى مەخپىي پۇل-مۇئامىلە ئۇرۇشى پىلانلاش ۋە بۇنى يۈرگۈزۈش.

ئامېرىكا رىگان ھۆكۈمىتى دەۋرىدە يۈرگۈزۈلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىغانغا ئوخشاش سىياسەتلەرنى قوغلىشىشى كېرەك. نۆۋەتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئورگانلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئامېرىكا كاپىتال بازىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشى مەۋجۇت ئەمەس. خىتاي بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئامېرىكادىكى ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەبلەغ سېلىش ۋاستىلىرىگە سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق ئۆز ئارمىيىسىنى ۋە باشقا كېڭەيمىچىلىك پائالىيەتلىرىنى مالىيە بىلەن قوللىماقتا. پۇل-مۇئامىلە ئۇرۇشى خىتايدا دېموكراتىك يۆنىلىشكە ئىگە سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىشتەك يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

10. ھەربىي ئالماشتۇرۇش جەھەتتە. بەش بۇرجەكلىك بىنا ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمەن دېگەن تونۇشتىكى يېڭى سىياسەتنى يۈرگۈزۈشى لازىم.

خىتاي نەزىرىيە جەھەتتىن پەقەت ئىستراتېگىيىلىك رەقىب دەپلا تونۇلماسلىقى

لازىم. پرىزدېنت بەش بۇرجەكلىك بىنانى ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسىنى ھەربىي جەھەتتە ئالماشتۇرۇش، ئۆز-ئارا زىيارەت قىلىش، يىغىن ئۆيۈشتۇرۇش ۋە ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان باشقا تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيەنى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ دەيدىغان، تەيپۇنەم زاماندىن قالغان كونا ئىدىيەنى چۆرۈپ تاشلايدىغان يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىشى لازىم. ھەربىي ئالماشتۇرۇشتىن رېئال، دەڭسىگىلى بولىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەنگەندە، ئاندىن بۇ جەھەتتە كەيىنگە داجىشقا بولىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بولغان ئۇچرىششلار ۋاپا قىلىنمايدىغان ۋە ئەمەلىيلەشمەيدىغان، چوڭقۇرراق مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقىمۇ، ئارىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىشكىمۇ يارىمايدىغان كېلىشىملەرنى تۈزۈپ قويۇشنىڭ ئورنىغا، رېئال نەتىجىلەرنى- بېرىدىغان سۆھبەتلەر بىلەنلا چەكلىنىشى كېرەك.

**11.** ھەربىي باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش. ئامېرىكانىڭ رايون خاراكتېرلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش.

كوممۇنىست خىتاي سىئولنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسى يۇقىرى ئېگىزلىك رايونى ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىنى (THAAD) ئۆز دۆلىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇش كېلىشىمىگە جاۋابەن ئىقتىسادىي ئۇرۇش ئارقىلىق كورىيەگە بىر قانچە مىليارد دوللار زىيان سالغان. بېيجىڭ ئامېرىكا كورىيەگە ئورۇنلاشتۇرغان ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى خاتا ھالدا خىتاينىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىستېمىسىغا تەھدىت ئېلىپ كەلدى دەپ بىلجىرلىغان. خىتاينىڭ يۇقىرى ئېگىزلىك رايونى ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسىغا تۇتقان مۇئامىلىسى بويىچە، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئەتراپىدىكى ئامېرىكاغا دوستانە ھېسابلانغان ھىندىستان، ياپونىيە، موڭغۇلىيە، فىلىپپىن، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەرگە يۇقىرى ئېگىزلىك رايونى ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى سېتىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان، خىتاي توختاۋسىز رەۋىشتە كۈچەيتىۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەھدىتىنى يوققا چىقىرىش لازىم. ئامېرىكا خىتاينى قورشاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرى ئېگىزلىك رايونى ھاۋا مۇداپىئە سىستېمىسى سەۋەبلىك خىتاينىڭ ئۆچ ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ سىستېمىنى ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان رايونلۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ئارقىلىق خىتايغا تەھدىت ئېلىپ كەلسە بولىدۇ.

**12.** كۆلەمدىكى رايون ھەربىي ئۇرۇشى. خىتاينىڭ ھەربىي، تور، ئېلېكترونلۇق ۋە پىسخولوگىيىلىك ئۇرۇش ئىقتىدارىنى

ئۆنۆمسىزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان سىممېترىكلىكتىن خالىي ئۇرۇش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئامېرىكانىڭ مۇھىم ئەۋزەللىكى بولۇپ، ھەربىي ئاسىممېترىكلىق (سىممېترىكلىكتىن خالىيلىق) جەھەتتە كۈچەپ قوللىنىلىشى لازىم. نۆۋەتتە تور ھۇجۇمى ئىقتىدارى ئېنىقسىز ھوقۇق لىنىيەلىرى ۋە بيۇكراتىك ئۆنۆمسىزلىك تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا ئۇرۇشلاردا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ئېتىپ چىقىرىلىشىنى ياكى قورال- ياراقلاردىن ئوق چىقىشىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان، مەسىلەن، «سولدىن قويۇپ بېرىلىدىغان» باشقۇرۇلىدىغان بومبا سېستىمىسى تىپىدىكى خىتاينىڭ بۇيرۇقى، كونترولى ۋە ئالاقىسىنى ۋەيران قىلىدىغان ئېلېكترونلۇق ھۇجۇمغا قايتىدىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**13. سىياسىي جەھەتتە. سۈرگۈندىكى پارلامېنتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش.**

بۇ ھەقتىكى پىلان تۈنجى بولۇپ 2005- يىلى دۆلەت بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى كونستانتىن مېنگىس (Constantine Menges) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ سۈرگۈندىكى خىتاي پارلامېنتى قۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. مېنگىس مۇنداق يازىدۇ: «خىتايدىكى كوممۇنىست دىكتاتورلۇقنىڭ مېزى چۈۋۈلۈشقا ئەگىشىپ، دېموكراتىك سىياسەت سېستىمىسى ئوتتۇرىغا چىققاندا، خىتايدىكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيىلەرنى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.» بۇ جەھەتتە قۇرۇلىدىغان سۈرگۈندىكى پارلامېنت خىتاينىڭ كۆپ خىل مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان قوللىنىشچان لاھىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن يىلدا بىر قانچە كۈن تويلىشىپ مۇزاكىرە قىلىشالايدىغان دېموكراتىيەگە مايىل سۈرگۈندىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. لاھىيىلەر بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنسا، شۇنداقلا خىتايغا كىرگۈزۈلسە بولىدۇ.

**14. رۇسىيە. رۇسىيە قارتىنى ئىشقا سېلىش.**

ئامېرىكا موسكۋادا ئامېرىكاغا مايىل ھۆكۈمەت بەرپا قىلىشنى نىشانلاپ بىر ئىستراتېگىيىلىك پىلاننى باشلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا رۇسىيە خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتنى پەسەيتىشتىن ئىبارەت خەلقئارالىق كۆرەشكە ئاۋاز قوشالايدۇ. رۇسىيەنى ئىسلاھ قىلىش پروگراممىسى نۆۋەتتىكى رۇسىيە رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى مىسلىسىز چىرىكلىشىشنى ئېچىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا رۇسىيەدىن ئامېرىكاغا ۋە دېموكراتىيەگە مايىل رەھبەرلەرنى سايلاپ چىقىشقا ياردەم بېرىدىغان مەخپىي ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا بولىدۇ. بۇ ۋە باشقا لاھىيىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىشنى چىش- تىرنىقىغىچە رەت قىلىدىغان 1.4 مىليارت خەلققە ھۆرلۈك ئېلىپ كېلىشنىڭ جەددىي جەريانىنى باشلايدۇ.

## تەشەككۈرنامە

«قىپقىزىل يالغانچىلىق»نىڭ نەشر قىلىنىشى تارىختىكى ھالقىلىق پەيتكە توغرا كەلدى. يادرو قورالىغا ئىگە كوممۇنىستىك دىكتاتورلۇقى ھېسابلانغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ يېتەكچى كۈچى بولۇشقا چىشىنى بىلەۋاتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيجىڭنىڭ كوممۇنىست رەھبەرلىرى دىكتاتورلاشقان ھاكىمىيەت شەكلى ۋە دىكتاتورلاشقان جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا جان ـ جەھلى بىلەن تىرىشماقتا. بۇ كىتابتا مەن ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئەركىن بازار ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر تەھدىت دەپ قارىغان مەخپىيەتلىك ۋە ئالدامچىلىقلارنى پاش قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. كىتابتا پاش قىلىنغىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىۋاتقان خىتاينىڭ يەر شارىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش غەرىزى ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكانى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىش جەھەتتىكى شۇم نىيەت تىرىشچانلىقلىرى، شۇنداقلا ئۇ ئىشقا سېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى توقۇنۇشنىڭ بوسۇغىسىنىڭ ئاستىدىن مەشغۇلات قىلىدىغان يېڭى تۈرلۈك يەر شارىۋى ئۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدا كۆپلىگەن ئەمەلدارلارنىڭ ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە خىزمەت قىلىدىغان ياكى شەخسىي ساھەلەردە خىزمەت قىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەر قىممەتلىك ياردەملىرىنى سۇندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كىتابتا تىلغا ئېلىندى ۋە سۆزلىرى نەقىل قىلىندى. يەنە بەزىلەر ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان ئاساستا ئارقا كۆرۈنۈشكە ياكى چوڭقۇر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا قوشۇلدى. بۇ مۇھىم خىزمىتىمگە ياردەم بەرگەن بارچە كىشىلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە مۇخبىرلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ئۆزلىرى نەقىل قىلغان مەنبەلەرنىڭ ئورانىنىڭ دەرىجىسىدە بولىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار. بۇ كىتابنى يېزىشتا، مەن بەختىكە يارىشا ئىنتايىن مۇھىم مەنبەلەرگە ئىگە بولدۇم. كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئەڭ زور چەكتە توغرا مەلۇمات بېرىشكە تىرىشتىم.

مەن ۋاشىڭتون ئەركىنلىك مايىكىدىكى خىزمەتداشلىرىمنىڭ مېنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. بولۇپمۇ، بۇ ئورگاننىڭ مەسئۇلى مىخائىل گولدفارب، باش مۇھەررىر ماتىۋ كونتىنېتى ۋە باش رەئىس ئارون خارىسون قاتارلىقلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا، ۋاشىڭتون ۋاقىت گېزىتىدىكى سەپداشلىرىمدىن دېرىكتور ۋە ئىجرائىيە باش مۇھەررىر كرىس دولان، باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى لارى بىسلىي، ۋە رەئىس توماس ماكدىۋىت قاتارلىقلارغا رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. كىتابىمنىڭ ۋاكالەتچىسى، 2018 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ۋاپات بولغان جوسىف برېندانغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇنى چىن دىلىمدىن ئەسلەيمەن.


— بىل گېرتىز، 2019 ـ يىلى، ماي

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى

ختاي تەتقىقاتى

# مەخپىي ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ



# مەخپىي ئۇرۇش

روبېرت سپالدىڭ

## كىرىش سۆز

غەربتە بىلىم ئەمەلىي خاتىرىلەنگەن ئارخىپ ـ ماتېرىياللارغا تايىنىدۇ. غەرب تارىخى ھەر قايسى دۆلەتلەر قانۇنغا بىنائەن ئىجرائات ئېلىپ بارغان ھۆججەتلەر ۋە يىلنامىلەر بىلەن تولغان. ئامېرىكادا، ئۇچۇر ئەركىنلىكى قانۇنى ھەتتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئەييەن پەيتتە ھۆكۈمەت كونتروللۇقىدىكى ئۇچۇر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بىراق، بۇ ھەقتىكى ئىجرائاتى غەربتىكى ئەنئەنە بىلەن تۈپتىن پەرقلىق بولغان بىر دۆلەتنىڭ تارىخى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى دەلىل ـ پاكىتلىق ھالدا قانداق ئوتتۇرىغا قويىسىز؟ ئەگەر بۇنداق بىر دۆلەت ئۆز مەخپىيەتلىكلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى خالىمايدىغان بولسا، سىز ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلغىنىنى قانداق بىلىسىز؟ ئەگەر بۇ دۆلەت ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇر ئاشكارىلاش قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولسىچۇ؟ مەن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەخپىي سىستېمىسى ھەققىدە كۆپچىلىككە مەلۇمات بېرىشنى ئويلاشقان بولساممۇ، بۇنداق قىلىشقا پۇرسىتىم بولماي كەلگەن ئىدى.

بۇ كىتاب كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ھېكايىلىرىنى سۆز يۈزىگە ئېلىپ چىقىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىمنىڭ سەمەرىسىدۇر. بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۈمىد قىلىدىغىنىم باشقىلارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاشقا ئىنتىلىشىگە ۋەسىلە بولۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە تەقدىرىگە سايە تاشلاۋاتقان تەھدىت بىزنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئاستا ـ ئاستا مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈشىمىز ئارقىلىق پەسىيىدۇ.


ئەلۋەتتە، بۇ يەردە يەنە بىر مۇمكىنچىلىكمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، ناۋادا بىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن چەك ـ چېگرىمىزنى ئايرىمىساق، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەرب دۇنياسىنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا قۇتۇراۋاتقانلىقى نەتىجىسىدە، بىز سۆز ئەركىنلىكىمىز ۋە باشقا جەھەتتىكى ئەركىنلىكلىرىمىزدە بارغانچە چەكلىمىگە ئۇچۇرايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. مۇشۇنداق كۆڭگە قالغان چېغىمىزدا، بۇ كىتابىنىڭمۇ، ھەتتا ئامېرىكا قانۇنىنىڭمۇ ھېچبىر مەنىسى قالمىغان بولىدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇشنى ئامالىنىڭ بارىچە ئاسانلاشتۇرۇشنى مەقسەد قىلغانلىقىم، شۇنداقلا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن سۆھبەتلەشكەن يۈزلەرچە كىشىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىقىمنى ئۈمىد قىلغانلىقى سەۋەبلىك، كىتابنى نەقىل مەنبەسى ئەسكەرتىلمىگەن ئۇسۇلدا يېزىپ چىقتىم. كىتابتىكىسى مېنىڭ ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىمنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب مەخپىي ئۇرۇشنى ئاۋامنىڭ نەزىرىدە نامايان قىلىشتىن ئىبارەت جىددىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغانلىقى، كىتابنى ئېنسىكلوپېدىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقىم سەۋەبلىك (يۇقىرىقىدەك يول تۇتۇشنى تاللىدىم.)

ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا، پاكىتلىق رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ۋە بۇ ھەقتىكى زۆرۈر بىلىملەر بىلەن تەمىنلىشنى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە ئۆ كېپىللىك قىلغان ئەركىنلىكىمىزنىڭ داۋاملىشىشىغا ياردەم بېرىشى ئۈچۈن كۈچ قاتىدىغان كەلگۈسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزگە قالدۇرۇپ قويدۇم.

## مۇقەددىمە

مەن كۆز بويامچىلىق تاكتىكىسى توغرۇلۇق كۆپ نەرسە بىلمەيمەن. 1998 ـ يىلى ئەرۋاھ B2 تىپلىق مەخپىي بومباردىمانچى ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ (B ـ 2 Spirit Stealth Bomber) ئۇچقۇچىلىق مەشىقىگە قاتنىشىشقا باشلىدىم. بۇ بومباردىمانچى ئايروپىلان دۇنيادا «مەخپىي بومباردىمانچى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. B2 بومباردىمانچى ئايروپىلانى ئەينى چاغدا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى قورال ـ ياراق ئىسكىلاتىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان، مىليون دوللار قىممىتىگە ئىگە، يۇقىرى تېخنولوگىيە سەپلەنگەن ئۇرۇش ئايروپىلانى بولۇپ، كەلگۈسىدىكى ئەسىرلەردىن ھازىرغا قاراپ ئۇچۇپ كەلگەندەك كۆرۈنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك، يېڭى قورال ھېسابلىناتتى.



ئايروپىلان گەۋدىسىنىڭ ئومۇمىي قىسمىنى شەكىللەندۈرگەن ئەگمە لاھىيە ئايروپىلاننىڭ رادار سىستېمىسى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن، كۆزۈتۈلگۈچى جىسىملارنىڭ ئىزىنى قوغلايدىغان ئېلېكتىر ماگنىتى تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىنىشىنى

ساقلايتتى. مۇنداقچە ئېيتساق، مەن ھەر بىر ھەربىي ئىستراتېگىيىچىنىڭ «دۈشمەنگە كۆرۈنمەسلىك» تىن ئىبارەت چۈشىنىك ئەمەلىيتى بولغان بىر ئايروپىلاننى ھەيدەشنى ئۈگەندىم.

ئاقسارايي مەسلىھەتچىلەر بىرلەشمىسى كومىتېتىنىڭ ختاي ئىشلىرى باش ئىستراتېگىيىچىسى، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ئەمەلدارى، ئامېرىكانىڭ ختايدا تۇرۇشلۇق مۇداپىئە خادىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئاقسارايدا ئىستراتېگىيىلىك پىلان باش دىرېكتورلۇقى ئورنىدىن خىزمەتتىن ئايرىلغان مەن، يىگىرمە يىلدىن كېيىن مېنىڭ دۆلىتىمگە قارىتىلىپ بەتلەنگەن باشقىچە بىر خىل مەخپىي قورالدىن چەكسىز ئارامسىزلاندىم. ئۆتكەن قىرىق يىل مابەينىدە ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇن ئويناپ كەلدى. قارىماققا تولىمۇ مۇرەككەپتەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئويۇننى ئەمەلىيەتتە ئاددىي كۆز بىلەنمۇ بايقىۋالغىلى بولىدۇ. ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ ئويۇننىڭ مەقسىتى دۇنيانى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىش ۋە ئالەمدە ئۆز تەسىرىنى تىكلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ختاي كومپارتىيىسى بۇ مەقسىتىنى ھېچقانداق ھەربىي چىقىمسىز ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى.

ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھېچكىم بايقىۋالالمىغۇدەك مەخپىي ئۇسۇللار ئارقىلىق تېخنولوگىيەگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشكەن تېخنولوگىيەلەرگە ئۆزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر سېنتىمۇ خەجلەپ باققان ئەمەس. ختاي ھەر خىل ئاماللار بىلەن دۇنيانىڭ سۇ تراپسپورتىنى كونترول قىلىۋالدى، بىزنىڭ شىركەت ۋە پەن-تېخنىكا تەجرىبىخانىلىرىمىزغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدى، ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇلى بىلەن ئۆز دۆلىتىدە زاۋۇت ۋە كارخانىلارنى قۇردى. بۇ ئاز كەلگەندەك، مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دېگەندەك، ختاي ئۆزىگە مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان ئاشۇ پۇللارنىڭ ئۆز ئىلكىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇتىھەملىك قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردىكى مىللىي دۆلەتلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلار بىلەن ئون توققۇزىنچى ۋە ئون سەككىزىنچى ئەسىردە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. بومبا ۋە ئوق ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى ئىقتىسادىي، پۇل-مۇئامىلە، ئۇچۇر، ياسىمچىلىق، ئۇل-مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى ۋە تور-ئالاقە قاتارلىق ساھەلەردىكى كۈرەشلەر ئالدى. كۈنىمىزدە يۇقىرىقى ساھەلەرنىڭ كونتروللۇقىنى قولگىمىزغا چۈشۈرگىنىمىزدە، سىز بىر پايمۇ ئوق ئېتىلماي تۇرۇپ قىلىنىدىغان بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالايسىز. مانا بۇ تولىمۇ ئاددىي، لوگىكىلىق ئىستراتېگىيە ھېسابلانسىمۇ، مېك ئەپسۇسكى، غەربتىكى لىدېرلار بۇ رېئاللىقنى تونۇپ يېتىشكە خام كېلىپ قالدى.

غەرب دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ھەربىي، كارخانىچىلىق ۋە مالىيە-ئىقتىساد ساھەسىدىكى رەھبەرلىرى بىردەك ھالدا ختاينىڭ بۇ دەرىجىدە ئۇستىلىق بىلەن ئويناۋاتقان ئويۇننىڭ ماھىيىتىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇ رەھبەرلەر ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش مەيداندا ملتىق، زەمبىرەك، ئوق ۋە بومبىلار

ئارقىلىق قىلىنسا، ئاندىن ھەقىقىي ئۆرۈش بولىدۇ دەيدىغان تەيپۇنەمنىڭ زامانىدىكى كونا كۆز قاراشلارنى تېخىچە كۆتۈرۈپ يۈرۈشمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسىدىن ئەجەبلىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسى خىلمۇ-خىل تاكتىكا، ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، باشقا خىل ئۇسۇلدا ئۆرۈش قىلىشتىن ئىبارەت. خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ خىل ھىيلە-نەيرەڭلىرىنىڭ مەركىزى نۇقتىسى ئوغرىلاش، تەھدىت سېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىش، پۇتۇن يەرشارى مىقياسىدا ئۇل-مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنى مونوپول قىلىش بولۇپ، خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆز تەسىر دائىرىسىنى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە كېڭەيتىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ.

مەن ھەيدىگەن **B2** بومباردىمانچى ئايروپىلانىغا ئوخشاش، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئۆرۈشى ئەمەلىيەتتە كىشىنىڭ كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاشتىن مەخپىي ئەمەس بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ ھەممە كىشى كۆرەلەيدىغان جايغا يوشۇرۇنغان. ئۇنداقتا بىز قانداقسىگە ئۇنى كۆرەلمىدۇق؟ مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق مەلۇم بىر سىياسىي پارتىينى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە دېموكراتلاردىن ئىبارەت ئىككىلى پارتىيىنىڭ سەرخىللىرى بۇ ھەقتىكى نورمالسىز ئەھۋالنى بايقاپ يېتەلمىدى. مەن ئۇلارنىڭ بايقىيالماسلىقىدا قەستەنلىك بار يوقلۇقىنى بىلمەيمەن. ئۆز ۋەتەنداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم بۇ دۆلەتنىڭ خەلقىنى ۋە بۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قىممەت قارىشنى قوغداشتىن ئىبارەت.

بەلكىم خىتاينى ئامېرىكانىڭ قانۇنىدىن باشقا ھېچنەرسە قورقۇتالمايدىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىنى خىتاينىڭ دۆلەت رەھبىرى شى جىنپىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان بولۇپلا قالماي، بۇ كىتابتا مەن ئاشكارىلىماقچى بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىمۇ ئېنىق ھالدا سۆز ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئەركىنلىكتىن ئىبارەت ئامېرىكانىڭ ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىيۇكرات ھاكىمىيىتى ئۈچۈن تەھدىت ئېلىپ كەلگۈچى ئامىل سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. خىتاي كومپارتىيىسى يۇقىرىكىدەك ئەركىنلىكلەر خىتاي پۇقرالىرى ئارىسىدا ئەسلا يىلتىز تارتماسلىقى، بۇ ئەركىنلىكلەر ھېچبىر زامان خىتاي خەلقىنىڭ ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قانۇنلىرىمىزغا ۋە باشقا قانۇنىي كاپالەت تۈزۈمىمىزگە چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشىدىن ئەركىنلىكنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغان ھەر بىر كىشى ۋەھىمىگە چۈشۈشى كېرەك. مانا بۇ مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. مەن خىتاينىڭ مەخپىي ئۆرۈشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، تېخنولوگىيە ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق ئالتا ساھەگە كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دۇنياغا

ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىستراتېگىيىسىدىن دۇنيانى ئاگاھلاندۇرماقچىمەن.

خىتاي ئۆزىنىڭ ئامېرىكا سىياسىئونلىرىغا ۋە كارخانىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش غەرىزىگە يېتىش يولىدا يەڭ شىمايلاپ كېلىۋاتىدۇ. ناۋادا خىتاي بۇ غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، مەلۇم سىياسىئونىنى ياكى مەلۇم سىياسەتنى تەنقىدلەش، سىياسىي كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەش، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنى ياكى يېتەرسىزلىكلىرىنى پاش قىلىش، ئۆزىمىز خالىغان ناخشىنى ئېيتىش، ئۆزىمىز خالىغان ساھەدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، خالىغان تور بەتنى زىيارەت قىلىش، ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ئىدىئولوگىيەگە ئېسىلىش دېگەندەك بىز چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايدىغان ئەركىنلىكلىرىمىز ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ.

ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىغا كەلسەك، (خىتاي ئامېرىكا سىياسىئونلىرىغا ۋە كارخانىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش غەرىزىگە يېتۋالغان تەقدىردە،) خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بىزنىڭ كاپىتالىمىزدىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ پرىنسىپال مەنپەئەتلىرىمىزگە چاڭ سېلىش تېپىدىكى نەيرەڭلىرى سەۋەبلىك ئىقتىسادىمىز ئىزچىل رەۋىشتە ئاجىزلىشىدۇ. سودا شەرتلىرىمىزمۇ بارغانچە چەكلىپ كېتىدۇ. خىتاي ئىشلەپچىقارغان ماللار ماركېتلىرىمىزنى قاپلاپ، خىتايغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان سودا تەڭپۇڭسىزلىقى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. خىزمەت تېپىش بازارلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ، ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىمىز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ تالانتلىق كىشىلىرىمىز سىپپى ئۆزىدىن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۈلۈكى ھېسابلانغان خىتاينىڭ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قول چوماقچىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

شۇ چاغدا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋاشىڭتوندىكى سىياسەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن شارقىرىتىپ خەجلەۋاتقان پۇلىنىڭ نەتىجىسى سەۋەبلىك، خىتايپەرەس رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا تىرمىشىدىغان ئامېرىكا سىياسىئونلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ۋە بوداپ بېقىلىۋاتقان «كەسىپداش»لىرىنىڭ قارشىسىدا تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش نىسبەتتە قورقۇنچلۇق بولغىنى، خىتاي كومپارتىيىسى ئۆز بيۇكرات كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تارىخىي پاكىتلارنى قايتىدىن ياساپ، تارىخنى قايتا يېزىپ، تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلايدۇ. خىتاينىڭ تارىخى پاكىتلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بۇ خىلدىكى قىلمىشلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان ئاكادېمىكلار ئۆز ئىچىدە چاقچاق قىلىپ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «ئۇنتۇغاقلىق خەلق جۇمھۇرىيىتى» (The People's Republic of Amnesia) دەپ ئاتايدۇ. تارىخنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ كومپيۇتېرلاشقان دەۋردە دۆلەت مىقياسىدا ئۇنتۇغاقلىقنى بەرپا قىلىش پەقەت ماۋسىنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى كونۇپكىسىغا مۇجەسسەملەشكەن كېسىش، چاپلاش ۋە ئۆچۈرۈپ تاشلاش باسقۇچلىرىدىنلا ئىبارەتتۇر. گلېن تىفېرتنىڭ (Glenn Tiffert) «ئەس ئۆڭكۈرىنى كۆزىتىش»

نامدىكى تەتقىقاتى كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. بۇ تەتقىقاتتا خىتايدا داڭقى بار مەلۇم بىر قانۇن ژۇرنىلى مەنبە قىلىنغان بولۇپ، ماقالىلىرى تورغا قويۇلغان بۇ ژۇرنالنىڭ ماقالىلىرى ئارىسىدا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئۇقۇمىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى پاش قىلىدىغان بىرمۇ ماقالە بولمىغان. [ئاپتوردىن ئەسكەرتىش: قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىش ئۇقۇمىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بىر دۆلەتتىكى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگەندە (1) قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكى، ھېچكىم قانۇندىن ئۈستۈن ئەمەسلىكى؛ (2) دۆلەت رەھبىرىنىڭ سىياسىي رەقىبىنى ياكى ئۆزىنى تەنقىدلىگۈچىنى ئەرز قىلالماسلىقى؛ (3) دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئەدلىيەنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى قاتارلىق ئۈچ ئامىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ناۋادا قايسى بىر دۆلەتتە مۇشۇ ئۈچ ئامىل دەپسەندە قىلىنسا، بۇ ئاشۇ دۆلەتنىڭ دىكتاتور ياكى دىكتاتورلۇققا يېقىن دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن تەرىپىدىن ئەمەس، ئىنسان تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.] بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنىدىغان ژۇرنالدا بولماسلىقى خىتاينىڭ ئۆزىنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان، ئادالەتلىك دۆلەت قىلىپ كۆرسىتىشكە بولغان تىرىشىشىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىشنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئائىت ماقالىلەر مەزكۇر ژۇرنالدىن ئورۇن ئالامىغان. تىفىرت مۇنداق يازىدۇ: «ئادەتتىكىدەك قىلىپ ئېيتساق، خىتاي ھۆكۈمىتى تېخنولوگىيەنىڭ كۈچىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، ئۆز دۆلىتىدە قوللانغان تور ئەلگىكىنى چەتئەلدىمۇ ئىشقا سالغان. خىتاي دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۆزەتكۈچىلەرنى ئەخمەق قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدە قىلىدىغان تۈرلۈك-تۈمەن قىلمىشلىرىغا بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، بۇ غەربلىك كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ھېچقانداق قوشۇلۇشى يوق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنى ئورتاق ھالدا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ قاپقارا تارىخىنى ئاقلاش، خىتاي كومارتىيىسىنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغان سەپسەتىلىرىنى خەلقئارالاشتۇرۇش تېپىدىكى پىلانىغا ھەمدەمچى قىلىۋېلىشقا تىرىكەشكەن.»

ئەگەر خىتاي ئۆزىنىڭ غەرەزلىرىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتەلىسە، ئاقىۋەتتە دۆلىتىمىزنى شەكىللەندۈرگەن پرىنسىپلاردىن تامامەن مەھرۇم قالغان بىر ئامېرىكا بارلىققا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئالدىمىزدا لۆڭگىدە پەيدا بولىدىغان يىرگىنچلىك نەتىجىلەردۇر. بىز بۇنداق قەبىھلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان تەدبىرلەرنى ئىشقا سالمىساق، بۇ خىل نەتىجىلەر پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەر شارىدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلەر نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان ئۆز نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ كەلدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ھوقۇقپەرەس رەھبىرى شى جىنپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خىتاي دۇنيانىڭ تېخنولوگىيە

پادىشاھى بولۇشقا، تور-تېلېۋىزىيە بازارلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشقا، دىكتاتور ئىجتىمائىي كونترول نەيرەڭلىرىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ رەھبەرلىرىگە ئېكسپورت قىلىشقا ھەدەپ تىرىشىۋاتىدۇ.

بۇ كىتاب نوقۇل ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى چىلىپ قويۇشنىلا مەقسەت قىلغان ئەمەس. كىتابتا يەنە ئامېرىكا ۋە دۇنيادىكى باشقا ئەركىن دۆلەتلەر خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىغا قارشى قانداق جەڭ قىلىش، ئۇنىڭ مەخپىي ئۇرۇشىنى قانداق بىتچىت قىلىش توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلارمۇ مەۋجۇت. مەن بۇ ئارقىلىق 250 يىلدىن بېرى ئامېرىكانىڭ ۋە دۇنيانىڭ داۋاملىشىپ كەلگەن ئاساسىي قىممەت قاراشلارنى قوغداپ قالالىشىمىزنى ئۈمىد قىلدىم. بۇ قىممەت قاراشلار ئامېرىكا پرېزىدېنتى فرانكلىن روزۋېلت ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ۋىنستون چېرچىل «ئاتلانتىك نىزامنامىسى»دا بەلگىلىگەن سۆز ئەركىنلىكى، دىن ئەركىنلىكى، ئېھتىياج ئەركىنلىكى، قورقۇنچتىن ئەمىن بولۇش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي ئەركىنلىكتىن ئىبارەت.

شۇڭلاشقا مەن كۆپچىلىكتىن بۇ كىتابنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ مەخپىي ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشىدىكى، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ غەرب دۆلەتلىرىنى كونترول قىلىش قەدىمىنى قانداق قىلىپ قەدەممۇ-قەدەم توسۇپ قالغىلى بولۇشىنى بىلىۋېلىشىدىكى دەسلەپكى ئوقۇشلۇق دەپ قاراشنى كۈتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىتابتا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئاگاھلاندۇرۇشلار مەۋجۇت.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى، تەتقىقات ئورگانلىرىمىزنى ۋە ئەركىن جەمئىيىتىمىزنى خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشىدىن قوغداشتا تېز ۋە كەسكىن جاۋاب قايتۇرۇشتىن بوش كېلىپ قالساق، ئۇ ھالدا بىز نۆۋەتتىكى خىتايدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان، قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشايدىغان، ھاكىممۇتلەقلىق جەمئىيەتكە يەم بولۇپ كېتىمىز. خىتايدىن ئىبارەت دىكتاتور دۆلەت بىزنىڭ ھاياتىمىزنى، ئوي-خىياللىرىمىزنى، كىم بىلەن كۆرۈشۈپ، نېمىلەردە دەۋاتقانلىقىمىزنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان؛ ناۋادا بىزنىڭ گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىمىزنى توغرا كۆرمىسە، بىزگە قارشى ھەرىكەت قوللىنىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

بەزى قۇسۇرچىلار مېنى ۋەھىمە پەيدا قىلغۇچى، ياكى قىلدەك ئىشنى پىلدەك كۆرسىتىپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگۈچى دەپ ئەيىپلىشى مۇمكىن. بۇنداق كىشىلەردە بىر چاغلاردا مەندىمۇ يۈز بەرگەن كۆزى ئوچۇق قارىغۇلۇق ھالىتى مەۋجۇت. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرى نېمىشقا خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقلىرىدىن شۇنچىۋالا بىخەۋەر ھالەتتە بولغانلىق، شۇنداقلا دۇنيانىڭ بۇ تاجاۋۇزچىلىقلارنى نېمىشقا ئىلگىرىكى ماڭا ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارىغۇدەك كۆرمەي يۈراۋاتقانلىقى توغرۇلۇق ئىزدەندىم. ئەمەلىيەتتە مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقتىم. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىكەن. بىز ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ دۆلەت سىستېمىسىنى ھەددىدىن زىيادە ساددىلارچە چوڭ بىلىمىز. بىز ئۆتمۈشتە بىردەك

ھالدا ئامېرىكا مەيلى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا، مەيلى ھەربىي جەھەتتە، مەيلى سىياسىي قۇرۇلما جەھەتتە، ھەممىلا جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ نوچىسى دەپ ئىشىنىپ كەلگەن. بۇ ھال بىزنى باشتىن ئاياق ئۆزىمىزگە قاتتىق ئىشىنىدىغان، ھەر قانداق خىرىسقا تاقابىل تۇرالايمىز دەپ قارايدىغان قىلىپ قويغان. بىراق، بۇنداق ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرگەنلىك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بىز تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئوخشاش ئويدا، تېخى بۇ خىل كۆرەڭلىكىمىز تېخمۇ ئاشماقتا. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىدە يالغانچىلىق تەلىماتى ئالغان كەسپىي يالغانچى ئىكەنلىكىنى بۇنداق بولۇشىمىزنىڭ (يەنە بىر) سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە يەرشارلىشىش چۈشىمىز سەۋەبلىك «ئەركىن سودا تەبئىي رەۋىشتە بىيۇكراتلىق كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ۋە بىيۇكراتلارنى دېموكراتىيە يولىغا باشلايدۇ» دېگەن ئويغا ئۆزىمىزنى ئىشەندۈرۈپ كەلدۇق. (خىتاينىڭ) ئەرزان ئەمگەك كۈچى، ئەرزان باھالىق مال، پاي ـ چېك باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ۋەدىلىرى بىزنى بەھۇش قىلىپ كەلدى. بىراق، (يۇقىرىقىدەك ۋەدىلەردىن بەھۇشلىنىش سەۋەبلىك) ياسىمچىلىقتىكى ئۈستۈنلۈكىمىز ۋە باشلامچىلىقىمىزنى خەققە تاشلاپ بېرىش ئارقىلىق، باشقىلارغا تايىنىپ قېلىشنىڭ ئەكسىدىكى مۇستەقىللىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، خەلقىمىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇلارنى خىزمەت تېپىشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراتتۇق. نەتىجىدە، بىز خىتاي تەرىپىدىن ئوينىتىلىپ كەلدۇق. ئۆزىگە سېلىنغان مەبلەغنى ئەسلا باشقا ياققا مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرماسلىقتا چىڭ تۇرىدىغان بىر دۆلەتكە مەبلەغ سېلىشىمىز ئەسلىدە يانچۇقىمىزدىكى پۇلنى خەقنىڭ سۇغۇرۇپ ئېلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرغانلىقىمىزدىن، ياكى تېخمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت خەزىنىمىزنى بۇلاڭ ـ تالاڭغا تاشلاپ بەرگەنلىكىمىزدىن ئىبارەت.

ئامېرىكا، باشقا غەرب دۆلەتلىرى ۋە بارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەر نۆۋەتتە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تەھدىتكە دۇچ كەلدى. بۇ ئامېرىكاغا ۋە دۇنياغا مىسلىسىز دەرىجىدە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان تەھدىتتۇر. بۇ كىتابىمنىڭ ۋە بۇ كىتاب ئويغاتقان كىشىلەرنىڭ (خىتاي كومپارتىيىسىدىن ئىبارەت) بۇ غايەت زور بىيۇكراتلىق مىخانىزمىنىڭ يولىنى توسۇشقا، شۇنداقلا ئۇ نۆۋەتتە بىزگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەخپىي ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# بىرىنچى باب: چەكلىمىسىز ئۆرۈش

2016 ـ ۋە 2017 ـ يىلى ئارىسىدىكى ئون ئىككى ئايدەك ۋاقىتتا، ۋاشىنگتوندىكى بىر چوڭ ئەقىل ئامبىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. بۇنىڭدىكى مەقسىتىم خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئامېرىكادىكى گورۇھلاشقان چوڭ كارخانىلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەش ئىدى. بۇ تەكشۈرۈشتە ئاممىۋىي ئىشەنچكە ئىگە بولغان، ھېچقايسى پارتىيىگە تەۋە بولمىغان ئۇسۇلدا خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ بەرمەكچى ئىدىم. خىتاي دىپلوماتلىرى، مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كارخانىچىلىق ساھەسىدىكى سەرخىللىرى ئامېرىكالىق كارخانا خوجايىنلىرىنى قانداق ئوينىتىۋاتىدۇ؟ خىتاينىڭ بۇ خىل شەخسلىرىنىڭ ئامېرىكا كارخانىلىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملار بىلەن ھەمكارلىقى بارمۇ يوق؟ بۇ خىتايلار ئامېرىكانىڭ قايسى تۈردىكى كارخانىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئامېرىكا كارخانىلىرىغا سىڭىشىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى زادى قانچىلىك؟ تېخىدىنمۇ مۇھىمى، ئۇلار ئامېرىكا كارخانىلىرىنى ئاللىقاچان ئامېرىكانىڭ ئەمەس خىتاينىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش قىلدۇرۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندىمۇ يوق؟ مېنىڭ ئېلىپ بارماقچى بولغان تەكشۈرۈشۈم مۇشۇ جەھەتلەرنى نىشان قىلغان ئىدى.

مەن بۇ ئەقىل ئامبىرىغا خېرىدارلىق قىلىشتا ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ئىدىم. مەن تاللىغان بۇ ئەقىل ئامبىرى نام ـ شۆھرەت جەھەتتە ئامېرىكا بويىچە ئالدىنقى بەش ئەقىل ئامبىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. مەزكۇر ئەقىل ئامبىرى سىياسەت، خەلقئارا سودا ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتلەردىكى ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقاتىدا شۆھرىتى ئۈستۈن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئورگان ئىدى. مەن ئۆز پىلانىم ئۈچۈن بۇ ئەقىل ئامبىرى بىلەن نەچچە قېتىملاپ كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولىدا كېتىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ئىدىم. ئەقىل ئامبىرى بىلەن بۇ تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقى، كارخانىچىلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، تەتقىقاتنىڭ زۆرۈر سىياسەتلەرگە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارغا تەسىر كۆرسىتىش مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا پىكىرلەشكەن ئىدۇق. پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلۇق پىكىرلىشىشتە، مەن بۇ نەق پۇل ئېڭىدىكى ئەقىل ئامبىرىنىڭ ئۆز يېنىدىن بىر سېنتمۇ پۇل چىقىم قىلماسلىقى ئۈچۈن، ھەتتا تەتقىقاتقا كېتىدىغان ئىقتىسادنى

تەمىنلەيدىغان تەرەپنىمۇ تېپىشقىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدىم.

بۇ جەرياندا ئىشلىرىم ئوڭدىن كەلدى. مېنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مۇھىم بولغان بۇ تەتقىقات توغرىسىدىكى ئوي-پىكىرىم باشقىلارنى قىززىقتۇراتتى. ئاقىۋەتتە، بۇ تەتقىقاتقا سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغنىمۇ ھەل قىلىۋالغان ئىدىم. شۇنداق قىلىپ، بىر جۈمە كۈنى، بۇ ئەقىل ئامبىرىنىڭ باشلىقىدىن تەتقىقاتنى باشلاشقا قوشۇلغانلىقى توغرۇلۇق خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنىڭ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدۈم.

بۇ ئەقىل ئامبىرىنىڭ باشلىقى ۋاشىڭتوندا پىچىقى ئەڭ كېسىدىغان مۇھىم شەخسلەردىن بولۇپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىدىن، ھازىرقى ھوقۇق ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولغان بۇ ئورۇنغا كەلگەن ئىدى. بۇ كىشى ئۈچ كۈن كېيىن، بىر يەكشەنبە كۈنى كەچتە تەتقىقاتنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىگە تېلېفون قىلىپ «مەن بۇ تەتقىقاتنىڭ بىزگە ماس كېلىدىغانلىقىنى جەزم قىلالمىدىم» دەپتۇ. دېمەك، ئۇ قايناش ئالدىدىكى قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغان بولدى.

بۇ شەخس ئۆز قارارى توغرىسىدا باشقا ھېچبىر چۈشەنچە بەرمىدى. مەن ئۇنىڭ ئورگىنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملارغا قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قارار چىقارغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم. مەزكۇر ئەقىل ئامبىرىنى ئىقتىساد بىلەن قوللىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ۋە سودا ساھەسىدىكى خىتايغا مەستانە بولغان سەرخىللار ئىكەن. ئىقتىساد بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئەڭ كامىدا بىرى دۇنياۋى مەشھۇر شەخس ئىكەن. قالغانلىرى نەچچە مىليار دوللار بايلىققا ئىگە مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى ئىكەن. مەن پىلانلىغان تەتقىقاتنىڭ ئۇلارغا ماس كەلمەسلىكىدىكى سەۋەب، بۇ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتايدىن مەنپەئەت ئالغۇچىلار بولغانلىقىدا ئىدى. ئۇلار خىتايدىن كەلگەن قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرگە، خىتاينىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا مەتبۇئاتلاردىكى كۆزدىن قېچىشى قىيىن بولغان، مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋېلىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەرگە، ئىككى مىليون مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىۋېلىش، مىليونلىغان خوڭكوڭ خەلقىنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش قاتارلىقلار دەپسەندىچىلىكلەرگە قارىماستىن خىتايغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشنى رەت قىلغان كىشىلەرمۇ دەل مۇشۇ خىل كىشىلەردۇر.

ئەقىل ئامبىرى ھادىسىسى يالغۇز ئاشۇ بىر قېتىملىق بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

2017-يىلى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ (NSC) ئەزاسى سۈپىتىدە ئاق سارايغا كىرگەندىن كېيىن، مەن خىتاي بىلەن ئىش قىلىدىغان كۆپلىگەن باشلامچى ئەقىل ئامبىرى، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدە بولمىغان تەشكىلاتلار، قانۇن، بوغالتىرلىق، ئاممىۋى مۇناسىۋەت شىركەتلىرى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مەجبۇرىيىتى قىلىۋالغان ئىدىم. مەن ئەينى چاغدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكادا تەسىر كۈچ پەيدا قىلىش تىرىشچانلىقىنى ۋە قانۇنسىز قىلمىشلارغا يەڭ ئىچىدە ياردەم بېرىش قىلمىشىنى

ئېچىپ تاشلىشىمدا ئۆزۈم كۆرۈشكەن ئاشۇ شەخسلەرنىڭ ماڭا ياردەم بېرىشتىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتەتتىم. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ماڭا خىتاينىڭ قانۇنسىز ئىقتىسادىي قىلمىشلىرىغا قارىتا بىر تۈركۈم سىياسەتلەرنى چىقىرىشىمغا ھەمدەمدە بولۇشنى ئارزۇلايتتىم.

بىراق، مەن بۇ جەھەتتە قايتا-قايتا رەت قىلىنىشقا ئۇچرىدىم.

بۇ ئورگانلاردىكى كىشىلەر گەرچە مەن بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مېنىڭ ئەنسىرىشىم بىلەن ئوخشاش مەيداندا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە ماڭا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆزى ئوچۇق كىشىلەر ناۋادا ماڭا ياردەم بەرسە، خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ياكى خىتاي خېرىدارلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مېنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىم ئاساسىدا مەن بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا باردى-كەلدى قىلىشنى رەت قىلغان بۇ ئورگانلارنىڭ قىلمىشى ھەقىقەتەن كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مېنى رەت قىلغان ئورگانلار ئارىسىدا نيۇيوركتىكى تارىخى ئۇزۇن، نامى مەشھۇر بولغان ئادۋۇكاتلىق شىركەتلىرىمۇ بار. دېموكراتىيەنى، ئەركىنلىكنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان بۇ ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ۋەزىپە بېجىرىشىمگە ھەمدەمدە بولۇشنى رەت قىلغان ئىدى.

بۇ ھال تولىمۇ مەسخىرىلىك ئىدى. مەن خىتاينىڭ پۇل ئارقىلىق ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرگە ۋە خۇسۇسىي ئورگانلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئامېرىكاغا كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كەلگەن ئىدىم. يۇقىرىقىدەك ئورگانلار ئاللىقاچان خىتاينىڭ پۇلىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ناۋادا مېنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى ئېچىپ بېرىشىمگە ياردەم قىلسا، ئۆزلىرىگە كېلىدىغان پۇلدىن ياكى سودىدىكى كىرىمدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىدىن قورققان ئىدى.

ئۇلار ماھىيەتتە ئامېرىكانىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولغان (خىتايدىن ئىبارەت) تاشقى كۈچ تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان ئىدى.

مەن دەسلەپتە خىتاينىڭ ئامېرىكاغا سىڭىپ كىرىش قىلتىقىنىڭ ئامېرىكا سەرخىللىرى بىلەن خىتاي كومپارتىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق بولىدىغانلىقىدىن شۈبھىلىنەتتىم. بىزنىڭ كۆپلىگەن سىياسىي رەھبەرلىرىمىز خىتاينى شېرىكىمىز دەپ قاراپ، خىتاينىڭ غەربكە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىغا قۇلاق يۇپۇرۇۋالىدۇ. ئامېرىكادىكى ھوقۇق دەللاللىرى خىتاينىڭ مەبلىغى بىلەن قىسقا مۇددەت مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئۇزاق مۇددەتلىك زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىمىز ھەر قايسى سىياسىي ئېقىمدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيقۇدىن ئويغۇتۇشى ۋە قورقۇتۇشى لازىم.

پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان، ئامېرىكا سىياسەت سەھنىسىدە مەيلى ئوڭچىل، مەيلى سولچىل ئېقىمغا تەۋە ھەر قايسى ئەربابلارنىڭ ھەممىسى خىتايدىن كېلىدىغان ۋاقىتلىق مەنپەئەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغۇچىلاردۇر. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ترامپنىڭ سودا قورۇقچىلىقى سىياستىگە قارشى تۇرغۇچى شەخس ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى كۆپ سانلىقلار لىدېرى مىچ ماككونېل (Mitch McConnell) بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ خىتايدىكى ئەڭ ھوقۇقدار شەخسلەر بىلەن كۈچلۈك باغلىنىشى بار. ماككونېل 1993 ـ يىلى جاۋ شياۋلەن [赵小兰] (غەربچە ئىسمى: Elaine Chao) بىلەن توي قىلغان. جاۋ شياۋلەن پرېزىدېنت جورجى بۇش تەيىنلىگەن ئەمگەك مىنىستىرى بولۇپ، بۇ خوتۇن نۆۋەتتە ئامېرىكا قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرىدۇر. ئۇنىڭ دادىسى جاۋ شىچېڭ [赵锡成] (غەربچە ئىسمى: James Chao) مەشھۇر دېڭىز ترانسپورتى ئائىلىسىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، چاۋ شىچېڭ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا جياڭ زېمىن بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئوقۇغان. جياڭ زېمىن 1989 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ باش سېكرتارى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. (مىچ ماككونىلنىڭ قېيناتىسى) جاۋ شىچېڭ دەسلەپتە ئائىلىسى بويىچە تەيۋەنگە، ئاندىن ئامېرىكاغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، 1964 ـ يىلى ئامېرىكادا فورموست گورۇھىنى (福 ـ Foremost GOroup 茂集团) قۇرغان. فورموست گورۇھىنىڭ قارمىقىدا دېڭىز ترانسپورتچىلىقى، سودا ۋە پۇل ـ مۇئامىلە شىركەتلىرى مەۋجۇت. جاۋ شىچېڭ ئۆزىنىڭ كونا ساۋاقدىشى جياڭ زېمىن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جياڭ زېمىن شاڭخەي شەھرىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، جاۋ شاڭخەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كېمە ياساش شىركىتىگە ئىككى كېمە ئۈچۈن زاكاس بەرگەن. «جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىلىق 16 ـ مايدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، جاۋ بىلەن جياڭ زېمىن ئىككىسى قەرەللىك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، «جاۋ كېمىلىرىنى خىتاي چوڭقۇرۇقلۇقىدىكى Cosco ۋە Sinotrans قاتارلىق شىركەتلەرگە ئىجارە بېرىشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن، جاۋ ئەپەندىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچىيىدۇ.» گېزىتتە مۇشۇنداق يېزىلغان.



بۇ خىل مۇناسىۋەت كىشىنى بەكلا بىئارام قىلىدۇ. جاۋ شىياۋلەن ئائىلىسى، جۈملىدىن ئۇنىڭ دادىسى جاۋ شىچېڭ، سىڭلىسى ئانجىلا چاۋ قاتارلىقلار كۆپ يىللاردىن بېرى ماككونىلنىڭ سايلام پائالىيىتى ئۈچۈن ئەڭ كامىدا بىر مىليون دوللار ئىقتىساد سەرپ قىلغان. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە بېسىلغان 2019-يىلى، 2-ئىيۇندىكى ماقالىدە جاۋ ئائىلىسى خىتاي بىلەن بولغان سودىدا قانداق مەنپەئەت قازانغانلىقى بايان قىلىنغان. ماككونىلنىڭ 2008-يىلىدىكى كېڭەش پالاتاسى ئېلان قىلغان مال-مۈلۈكنى ئاشكارىلاش دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، ماككونىل ۋە ئايالى ئېككىسىنىڭ قوبۇل قىلغان سوۋغا سالىمىنىڭ سوممىسى بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرى بىلەن يىگىرمە بەش مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئارىسىدا بولغان. ماككونېلنىڭ باياناتچىسىنىڭ مېدىياغا چۈشەندۈرۈشىچە، بۇ كۈتۈلمىگەن بايلىق جاۋ شىياۋلەننىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئانىسىدىن قالغان مىراسىمىش. ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن پروفېسسورى، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى كەسلىن كلارك (Kathleen Clark) «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە مۇنداق دېگەن: «خىتاي ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيىلىك رەقىبى. بىراق، بۇ ئائىلىنىڭ خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار. بۇ ھال كىشىنى تەبىئىيلا گۇمانغا سالىدۇ. بۇ گۇمان شۇكى، جاۋ شىياۋلەن خىتايغا مۇناسىۋەتلىك قارار چىقارغاندا، ياكى چەتئەلنىڭ ۋە ئامېرىكانىڭ بىخەتەرلىك سىياسىتى توغرىسىدا پرېزدېنتقا تەكلىپ سۇنغاندا، ئائىلىسىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ چىقارغان قارار ۋە سۇنغان تەكلىپلىرىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ يوق؟»

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماككونېلمۇ خىتاي بىلەن بولغان شەخسىي ئالاقىسىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان. 2001-يىلىدىكى «جەنۇبىي خىتاي گېزىتى»نىڭ خەۋەرلىرىدىن بىرىدە «جاۋ شىياۋلەن بىلەن ماككونېل 1993-يىلى فېۋرال ئېيىدا توي قىلغان بولۇپ، مۇشۇ يىلى 12-ئايدا بۇ ئەر ئايال جىياڭ زېمىن بىلەن بېيجىڭدا ئۇچراشقان. ئۇچرىشىشتا جاۋ شىياۋلەننىڭ دادىسىمۇ بىللە قاتناشقان» دېيىلگەن.

مىچ ماككونېلنىڭ قېيىن ئاتىسى جاۋ شىچېڭ بەك كۆپ پۇل تاپقان شەخس. بۇنداق بولۇشىدا، ئۇ بۇ پۇللارنى خىتاينىڭ باش رەئىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ سايىسىدە تاپقان بولۇشى ئەقىلدىن يىراق ئەمەس. شۇنىڭدەك، 2016-يىلى، ترامپ پرېزدېنتلىققا سايلانغاندىن بىر نەچچە كۈن كېيىنلا، خىتاي خەلق بانكىسىنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنى ماككونېلنىڭ قېيىن سىڭلىسى جاۋ ئەنجىنى مەزكۇر بانكىنىڭ ئىستراتېگىيە دېرىكتورى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ جاۋ ئەنجىنىڭ خىتايدا تۇتقان تۇنجى مۇھىم ھوقۇقى ئەمەس. ئىلگىرى ئۇ جاۋ شىچېڭنىڭ شىركىتىدىكى «خىتاي كېمىسازلىق گورۇھى»نىڭ (CSSC) مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ ھەقتىكى بايان پېتىر سىۋېيزېرنىڭ «مەخپىي ئىمپېرىيە» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. خىتاي كېمىسازلىق گورۇھى خىتايدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ھۆددىگەر شىركىتى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ كېڭەش پالاتارىمىزنىڭ لىدىرىنىڭ قېينسىڭلىسىنىڭ

ئامېرىكانىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق سودا رەقىبى بولغان كارخانىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىششى، شۇنداقلا بۇ قېتىم سىڭلىنىڭ بىزنىڭ رەقىبىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىسىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى بولۇشنى ئويلىغىنىمىزدا، بىئارامچىلىق دەستىدىن ئولتۇرالماي قالىمىز.

بۇ ھال سىياسەت يۈرگۈزۈش جەريانىنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەكلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرىدىغان ھەر بىر كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىشى كېرەك. مانا بۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئامېرىكادىكى سىياسىي ئەربابلارنىڭ بېشىنى باغلىۋېلىش) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشقا ئەللەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئۇسۇللىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. جاۋ شياۋلەن كىچىك بۇشىنىڭ دەۋرىدە ئەمگەك مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن چاغلار دەل ئامېرىكادىكى مىليونلىغان خىزمەت پۇرسەتلىرى قولدىن كەتكەن چاغلار ھېسابلىنىدۇ. يەنە تېخى، جاۋ شياۋلەنىنىڭ جەمەتىدىكى بىرەيلەن ئەينى چاغدا خىتاينىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ئەمەلدارىنىڭ دوستى ئىدى. ئەجەبا، بۇش ھۆكۈمىتىدىكى بىرەر جاناب مۇشۇ رېئاللىقتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ باققان بولغۇيمىتى؟

كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىلەندۈرىدىغىنى، خىتاي رەئىسى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان، خىتايدىن مىليون تۆرلۈك مال توشۇغان بىر ئەرنىڭ قىزى نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ ترانسپورتىغا مەسئۇل بولماقتا. خىتاينىڭ نۆۋەتتە دۇنيانىڭ دېڭىز ۋە ئاۋئاتسىيە سانائەتلىرىنى كونترول قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىدەك رېئاللىقنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ھال (يەنى بىر خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ قاتناش مىنىستىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىشى) كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ. جاۋ شياۋلەنىنىڭ جەمەتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، تارىخىي ۋە ھېسسىي مۇناسىۋەتلىرى جاۋ شياۋلەنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ (خىتاي تەرىپىدىن) كونترول قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى يارىتىپ بەرگەن.

دېموكراتلار پارتىيىسىدىكىلەرمۇ پاك - دىيانەتلىك زاتلاردىن ئەمەس. «مەخپىي ئېمپىرىيە» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنتنىڭ ئوغلى خانتېر بايدېن (Hunter Biden) خىتاي بانكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ مىليارد دوللار مەبلەغكە ئىگە «بوخەي خىتاي ئامېرىكا مەبلەغ فوندىنى باشقۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى»نى قۇرغان. «مەخپىي ئېمپىرىيە»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2013 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا خانتېر بايدېن دادىسى جو بايدېن (Joe Biden) بىلەن بىرلىكتە «ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى ئىككىنچى نومۇر» ناملىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ خىتايغا ئۇچقان. جو بايدېن خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش جەريانىدا، خانتېر بايدېن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۇچرىششلىرى بىلەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ قېتىملىق بېيجىڭ سەپىرىدىن تەخمىنەن ئون كۈنچە كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كېلىدىغان بىر مىليارد دوللار مەبلەغ ئەمەلىيلەشكەن. 2019 - يىلى، 7 - ئىيۇلدا «نيۇيوركلۇقلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە دېيىلىشىچە، يۇقىرىقى قېتىمقى




سودا ئۆچۈن ئىككىسىنىڭ «بېيجىڭ سەپىرىدىن بۇرۇنلا توختام ئىمزالىنىپ بولغان» بولۇپ، سودا ئىجازەتنامىسى «شۇنىڭدىن ئازغىنا كېيىن يېتىپ كەلگەن.» بۇ سودىنىڭ ھەممىلا قىسمى — ئۇنىڭغا قاتناشقان شەخسلەر، ئۇچرىشىش ۋاقتى، پۇل سوممىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاي تەرەپكىمۇ، ۋە تەسىرى زور سىياسىي ئەربابنىڭ ۋاستە تالالماستىن پايدا كۆزلەيدىغان ئوغلىغىمۇ بىر قاتار سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

سىچۋېزىر 2019 ـ يىلى، 11 ـ مايدا «نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان ماقالىسىدىن بىرىدە مۇنداق يازغان:«ئامېرىكانىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئەڭ كۈچلۈك سىياسىئونلىرىدىن بىرىنىڭ بالىسى بىلەن سودا شېرىكچىلىكى ئورنىتىشى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشتۇر.»

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىنى، مۇئاۋىن پرېزىدېنت جو بايدىن ئوغلىنىڭ كىم بىلەن سودا قىلىشى توغرۇلۇق قىلچىلىكمۇ پىكىرگە ئىگە بولمىسا، شۇنداقلا بۇ خىل سودا سەۋەبلىك باشقىلارغا پارا ئالغان، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پۇرسەت ياراتقان، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئېرىشۋالغان دېگەندەك يامان تەسىر بېرىپ قويۇشتىن قىلچىمۇ ئەندىشە قىلمىسا كېرەك. بۇ يەردە تېخى ھاۋا ئارمىيە ئىككىنچى نومۇرنى شەخسىي سودىسى ئۈچۈن ئىشلىتىۋالغانلىقىنى تىلغا ئالمىدۇق. بايدىن نەچچە ئون يىللاپ خىتاي بىلەن ئېغىز

بۇرۇن يالاشقۇچىلارنىڭ سەركىسىلىك رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇ 2001-يىلى خىتاي بىلەن «مەڭگۈلۈك نورمال سودا مۇناسىۋىتى»نىڭ ئورنىتىلىشىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان. يېقىندا بايدىننىڭ سايلام جەريانىدا ئېيتقان سۆزلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە خىتاينىڭ غەربكە قارشى ئىستراتېگىيىلىك ئۇزۇن مۇددەتلىك ھىيلە-نەيرىڭى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئايان بولىدۇ. «خىتاي بىزنىڭ چۈشلۈك تامىقىمىزنى ئۆزنىڭ قىلىۋالماقچىمىش؟ بۇ گەپنى كۆرۈڭ. خىتايلار ھەتتا خىتاي دېڭىزىدىن باشلىنىپ غەربتىكى تاغلىق رايونلارغىچە بولغان دائىرىدىكى غايەت زور ئىچكى ئىختىلاپنى قانداق ھەل قىلىشنىمۇ بىلمەي يۈرۈۋاتقان تۇرسا، ئۆز سېستىمىسىدىكى چىرىكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىمۇ بەجا كەلتۈرەلمەيۋاتقان تۇرسا. كۆپچىلىك، ئۇلار ئەسكى ئادەملەر ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇلار قانداق ئادەملەر، ئويلاپ بېقىڭلار؟ ئۇلار بىزنىڭ رەقىبىمىز ئەمەس.»

بىر دۆلەت سىنىڭ ئوغلۇڭغا، شۇنداقلا ئۆز شېرىكىڭگە مەبلەغ سېلىشى ئۈچۈن بىر مىليون دوللار بەرسە، مەنچە ئۇنداق دۆلەتنى رىقابەتچى دەپ ئويلاش ئەلۋەتتە قىيىن. بىراق، ئامېرىكانى مانا مۇشۇ خىل شەكىلدىكى- بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان گاللۇۋاڭلارچە پىكىرلەر بىلەن قىلتاقتا دەسسىتىش دەل خىتاينىڭ قالتىس ئىستراتېگىيىلىرى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مىسال بىزگە خىتاي ۋە ئامېرىكا سىياسىتىدىكى ئەربابلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى ۋە بۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ۋەھىمىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال سىياسىي ساھە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ۋال ستىرىت پاي-چەك بازىرىنىڭ ماگناتلىرىمۇ ئوخشاشلا خىتاينىڭ مەست قىلىۋېتىشىگە دۇچ كەلگەن. ۋال ستىرىت كوچىسىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى مەبلەغ سېلىش شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى خىتاينىڭ دۇمبىقىنى چېلىشنىڭ پىر-ئەزىمەلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بلەكستون گورۇھىنىڭ باش ئىجرائىيە دېرېكتورى ستېفىن سىچۋارزمەن، برىج ۋاتېر خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنىڭ رەئىسى رېي دېيلىيو ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى خىتاينى ئۆزۈل-كېسىل پايدا كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي كۈچ دەپ تەسۋىرلەپ كەلدى. بۇ خىل شەخسلەرنىڭ ئۆز پايدىسىنى كۆزلىگەنلىكى مۇددەتتە يۇقىرىقىدەك نادانلارچە پىكىردە بولۇشىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ترىلليون دوللارلىق سودا ۋە قەرز بېرىش ئارقىلىق تاپقان پايدىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. سېينت لۇيىس بىرلەشمە بانكىسى ئۇلارنىڭ پاي-چەك ۋاكالەتچىلىكى ۋاستىسى بىلەن 2017-يىلى بىر يىلدىلا تاپقان پايدىسىنىڭ 147 مىليارت 917 مىليون بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى. خىتاينىڭ پاي-چېكى ۋە زايومىنى تەشۋىق قىلىش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا، خىتايمۇ ۋال ستىرىت پاي-چەك بازىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى مەبلەغ چىقارغۇچىسى ۋە خېرىدارى. دوۋ جونسىنىڭ بايانىچە، خىتاي مەبلەغ سېلىش شىركىتى ۋە دۆلەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئورگان برىج ۋاتېر خەتەردىن

ساقلىنىش فوندىغا مىلياردلاپ مەبلەغ سالغان ئىكەن.

تېخنولوگىيە ساھەسىمۇ ئوخشاشلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئولجا توپلاش نىشانى بولۇپ كەلگەن. تېخنولوگىيە ساھەسىنىڭ ماگناتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئورېيكل گورۇھىنىڭ سابىق مۇدىرىيەت دىرېكتورى، سىپرېس يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كارخانىسىنىڭ (Cypress Semiconductor Corporation) ئىجرائىيە باش دىرېكتورى رېي بىڭھام (Ray bingham) 2016 ـ يىلى خۇسۇسىي پاي ـ چەك شىركىتى ھېسابلانغان كەنيون برىج (Canyon Bridge) شىركىتى تەرىپىدىن ياللاپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ شىركەت خىتاي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىن چېدى فوند باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان. بىڭھام سىپرېس شىركىتىنىڭ پاي ـ چەك ئىگىلىرىگە يازغان خېتىگە ئاساسلانغاندا، بىڭھام كەنيون برىج شىركىتىگە يىللىقى ئىككى مىليون دوللار مائاشقا ئىشلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، كەنيون برىج شىركىتى ئۇنىڭغا يىگىرمە پىرسەنت پايدا ئايرىپ بېرىشكە كېلىشكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان شىركەتنىڭ بىڭھامغا ئوخشاش ئامېرىكانىڭ تېخنولوگىيە ساھەسىنى بەش قولدەك بىلىدىغان بىرىنى باشقۇرغۇچىلىققا تەيىنلىشى، خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئىبارەت دۈشمەنىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككەن بىر پايلاقچىغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، خىتاي بىڭھامنى قوللىنىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ تېخنولوگىيىسىنى خىتايغا توشۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىجرا قىلىش قەستىدە بولغان. بىڭھاممۇ خىتاينىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقىپ، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ تۈنجى قىلغان ئىشى ئىلگىرى ئۆزى ئىشلىگەن شىركەتنى سېتىۋېلىشقا تىرمىشىش بولغان. ھېلىمۇ ياخشى، دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىش ئەندىشىسى سەۋەبلىك بۇ سېتىۋېلىش (ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) توختىتىپ قويۇلغان.

يۇقىرىقى مىساللار خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنيا ئۈچۈن سىياسىي ۋە پۇل ـ مۇئامىلە جەھەتتە قارار بەلگىلەيدىغان ئامېرىكالىق سەرخىللارنى قانداق ئىندەككە كەلتۈرگىنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالاھىدە ئۆرنەكلەردىن پەقەت بىر نەچچىسى خالاس. بۇ خىل سەرخىللار ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ كەلگەن. شۇنداقلا، بۇلار ئامېرىكا ئۈچۈن چىقارغان قارارلار ئامېرىكا خەلقىگە بىۋاسىتە، ھەمدە ئەجەللىك سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

ئاددىيلا ئېيتساق، ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ (EPI) 2018 ـ يىلىدىكى «خىتاينىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقان زىيانكەشلىكى» ناملىق تەتقىقات دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمىز سەۋەبلىك، 2001 ـ يىلدىن 2017 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكادا 3.4 مىليون خىزمەت پۇرسىتى قولدىن كەتكەن. خىتاي 2001 ـ يىلى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئامېرىكا ئىقتىسادىي سىياسەت تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودىدىكى مالىيە قىزىل رەقەمى شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يىلدىن يىلغا ئېشىپ بارغان.

سودىدىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ئامېرىكاغا ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن. يۇقىرىقى تەتقىقاتتا ئاساسلانغاندا، 2001 ـ يىلدىن 2017 ـ يىلىغىچە ياسىمىچىلىق ساھەسىدىلا تەخمىنەن 2.5 مىليون خىزمەت ئورنى يوق بولغان (يەنى 2.5 مىليون ئامېرىكالىق ئۆز خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان). 2.5 مىليون دېگەن سان ئاز سان ئەمەس، بۇ خيۇستۇن شەھىرىنىڭ نوپۇسىغا تەڭ سان. ئامېرىكالىقلار ئىقتىساد ناچارلاشقان دەۋر دېسە ئىلگىرىكى ئىقتىسادى بۆھران دەۋرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋېلىشىدۇ. بىراق، ئامېرىكا «ئۇچۇر تېخنولوگىيىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش فوندى»نىڭ 2000 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، «ياسىمىچىلىق ساھەسىدىكى بەش مىليون يەتتە يۈزمىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ ئازىيىشى (33 پىرسەنت) ئىقتىسادىي بۆھران دەۋرىدىكى چېكىنىشتىن (30.9 پىرسەنت) ئېشىپ كەتكەن.

ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت تەتقىقاتىدا ھەمملا جەھەتتىن كىشىنى ئارامسىزلاندۇرىدىغان رەقەملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. 2001 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكادا خىتاي سەۋەبلىك كۆرۈلگەن مالىيە قىزىل رەقىمى ئامېرىكا ئىشچىلىرىنىڭ مائاشىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە بىۋاسىتە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى يىللىق چۈشۈش 37 مىليارد بولغان. (يەنى يۇقىرىقى مەزگىل ئارىسىدا ئامېرىكادىكى بارچە ئىشچىلارنىڭ مائاشى يىلدا 37 مىليارد كېمىيىپ كەتكەن.) بۇ دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ «سودىنى بۇرمىلاش قىلمىشى» توغرۇلۇقمۇ چوڭقۇر مەلۇماتلار بولۇپ، «خىتاينىڭ پولات ـ تۆمۈر ساھەسى، ئەينەكچىلىك ساھەسى، قەغەزچىلىك ساھەسى، سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ۋە قايتا ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيە ساھەسى قاتارلىقلارغا زور كۆلۈمدە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق بۇ ساھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زور چەكتە ئۆستۈرگەنلىكى، بۇ خىلدىكى چەكتىن ھالقىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن كەلگەن ماللارنىڭ تەمىنلەش مىقدارى خىتاي ئىچىدىكى ئىستېمال بازىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكى، بۇ خىلدىكى تەمىنلەشتىكى چەكتىن ئېشىپ كېتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ بۇ خىل ماللىرىنى چەتئەلگە ئېكسپورت قىلغانلىقى، ئېكسپورتنىڭ ئاساسىي نىشان ئامېرىكا بولغانلىقى» قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ.

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە پۇل ـ مۇئامىلە ساھەسىدىكى مەشھۇرلارنىڭ بىر ئورتاقلىقى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا پەرەز سەۋەبلىك بۇ يولدا ماڭغان. ئۇلار خاتا ھالدا خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇش پەقەتلا ئادىل بازاردىكى رىقابەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىۋالغان. ئۇلار خىتاينىڭ خەلقئارالىق قانۇنغا ھېچقاچان رىئايە قىلمايۋاتقىنىنى كۆرەلمىگەن. ھالبۇكى، خىتاي ئىزچىل ھالدا بىر مەيدان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، نەچچە ئون يىل مابەينىدە بىز بۇ ئۇرۇشتا ئىزچىل يېڭىلىپ كېلىۋاتىمىز. نەتىجىدە، بىزنىڭ خەلقىمىز، بىزنىڭ

شەھەرلىرىمىز ۋە بىزنىڭ دۆلىتىمىز غايەت زور زىيان تارتتى. بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە كېلىۋاتقان خەتەر مىنۇت ـ سېكونتلاپ ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بىز خىتاينىڭ نەچچە مىليارد دوللار قىممىتىدىكى بىلىم مۈلۈكىمىزنى ۋە تېخلوگىيەمىزنى بىزدىن ئوغرىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ يېتىشتە قانچە كېچىككەنسىرى، خىتاينىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن نەشىر ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشىنى قانچە كېچىكىپ بايقىغانسېرى، خىتاينىڭ سىرتقا تاقاق ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى، پۇلىنىڭ قىممىتىگە سۈنئىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈشىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش قاتارلىق سان ـ ساناقسىز قىلمىشلىرىنى كېچىكىپ ھېس قىلغانسېرى، ئامېرىكا دۇچ كېلىدىغان خەتەر شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىز خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا بەخەستىلىك قىلىپ كېتىۋەرگىنىمىزدە، دۆلىتىمىز ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكىدىن قەدەممۇ قەدەم ئايرىلىپ قالىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئەربابلار بىزنىڭ مەخپىي ئۇرۇشتا يېڭىلىۋاتقانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىشتىن ئاجىز كەلمەكتە.

## چەكلىمىسىز ئۇرۇش

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ھەممىلا ساھەدە ئۆزىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ھەتتا ئامېرىكادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ مۆھتىرەم جانابلارمۇ خەۋەرسىز. تېخى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خىتاينىڭ بۇ نىيىتىگە بىلىپ تۇرۇپ دەللاللىق قىلىۋاتىدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ كۈچىيىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ، ئەڭ چوڭ تەھدىت دەل ئامېرىكا دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، ئامېرىكا ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى دۇنياۋىي لىدېرلىقىنى ساقلاپ قالغانلا تەقدىردە، ئۆزىنى بۇ نىيىتىگە يېتەلمەيمىز دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دەل شۇنداق. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەقسىتى، شۇنداقلا ئەڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشى دۇنيا سەھنىسىدە ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىشتۇر. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىچكى ھۆججەتلىرىدە بۇ ھال تولىمۇ ئېنىق رەۋىشتە تىلغا ئېلىنغان. خىتاينىڭ بۇ غەرىزىنى بىلدۈرىدىغان ھۆججەتلىرىنىڭ ماھىيىتى ھەممىدىن بەك ئېچىپ بەرگەن، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئەمگەكلەردىن بىرى


بەلكىم 1999 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان «چەكلىمىسىز ئۇرۇش» (超限战 ـ Unrestricted Warfare) ناملىق كىتاب بولۇشى مۇمكىن. كىتابنى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى چياۋ لياڭ (乔良) ۋە ۋاڭ شياڭسۈي (王湘穗)

**ئىسمىلىك ئىككى چوڭ پولكوۋنىكى بىرلىشىپ يازغان. كىتابتا پۈتۈن دۇنيادىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە ماس هالدا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر قاتار ئىستراتېگىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابتا خىتاينىڭ دۇنياغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ كەينىدىكى ئىستراتېگىيە تولىمۇ روشەن بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسلىدە ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ هەر قايسى تارماقلىرىدىكى ۋە كارخانا ساھەسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئوقۇپ چىقىشى كېرەك بولغان كىتاب هېسابلىناتتى. تۆۋەندە كىتابتىكى كىشىنى شۈركەندۈرىدىغان بىر ئابزاس بايانىنى نەقىل قىلىمەن:**

زامانىۋى جەڭ پىرىنسىپى ئەمدىلىكتە «قورال كۈچى ئارقىلىق دۈشمەنگە ئۆز ئىرادىسىنى قوبۇل قىلغۇزۇش»تىن ئاللىقاچان هالقىپ كەتتى. كۈنىمىزدىكى ئۇرۇش «قورال كۈچى، غەيرى قورال كۈچى؛ هەربىي كۈچ، غەيرى هەربىي كۈچ؛ قىرغۇچى كۈچ، غەيرى قىرغۇچى كۈچ قاتارلىق بارچە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننى ئۆز مەنپەئەتىمىزگە يانتاياق بولۇشقا مەجبۇرلاش»تىن ئىبارەتتۇر.

**«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق بۇ كىتاب كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ، ئىچ پۇشۇقىنى**






**چىقىرىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان كىتاب بولماستىن، بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئىستراتېگىيە بىلەن ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىجتىمائىيەت نەزەرىيەلىرى ۋە تېخنولوگىيە توغرىسىدىكى ئۆتكۈر كۆزىتىشلەر بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن، كۆپلىگەن ساھەلەردىن سۆز ئاچقان، مۇرەككەپ كىتابتۇر. بۇ كىتاب دەۋرىمىزدىكى ئۇرۇشقا ئائىت پەلسەپىۋى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئۆز**

ساھەسىنىڭ ئەڭ ئىسلى دىپىشكە بولىدىغان قىممەتلىك كىتابتۇر. بۇ كىتاب پەقەت خىتايدىلا نەشر قىلىنىپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدە كۆپلەپ ئوقۇلدى. بۇ كىتاب كۆنىمىزدىكى خىتايشۇناس تەتقىقاتچىلارغا تونۇشلۇق. بەلكىم بۇ كىتابنىڭ بەكلا مۇرەككەپلىكىدىن بولسا كېرەك، غەرب دۆلەتلىرى خىتاينىڭ خەلقئارادا يۈرگۈزۈۋاتقان، شۇم نىيەتنى چىرايلىق كۆلكىسى بىلەن يېپىش نەيرىڭى سەۋەبلىك كىتابتا مۇھاكىمە قىلىنغان تۆرلۈك پىكىرلەرنىڭ تېگىگە يېتىشتىن ئاجىز كەلدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تونۇپ يەتكىنى «چەكلىمىسىز ئۇرۇش»تىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتنىڭ خەلقىنى، بايلىقلىرىنى ياكى ھۆكۈمىتىنى قولغا چۈشۈرۈشى ئۈچۈن ئەمدىلىكتە كۈچلۈك ئارمىيەگە ئېھتىياجى يوق. ھەربىي كۈچ تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈشتىكى، كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشىشتىكى ۋاستىلەردىن پەقەتلا بىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. خىتاينىڭ نەزىرىدە ئىقتىسادىي كۈچ باشقا بارلىق ساھەلەرنى كۈچلەندۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىساد ئارمىيەنى كۈچلەندۈرىدۇ، بىراق، ئۇ يەنە كۆزلەنگەن باشقا ساھەلەرنىمۇ كۈچلەندۈرۈشكە قادىر. ئىقتىساد ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرگىلى، قارشى پىكىرلەرنى ئۈجۈقتۇرغىلى، ياكى تېخنولوگىيىنى سېتىۋالغىلى، شۇنداقلا ئوغرىلىغىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا، پۇل ئارقىلىق ئەرزان باھالىقماللارنى ئىشلەپچىقارغىلى، بۇ ئارقىلىق رىقابەتچىنى سىقىپ چىقارغىلى، دۈشمەننىڭ ئىقتىسادىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتقۇزغىلى بولىدۇ. يەنە شۇنداقلا، پۇل ئارقىلىق ئاكادېمىكلار ئارمىيىسى قۇرغىلى، ئۆزىگە لازىملىق ئىلىم-پەن، يۇقىرى تېخنولوگىيە ۋە ئېنژېنىرلىق ئۇچۇرلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزىنى باشقا جەھەتلەردىمۇ كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

«چەكلىمىسىز ئۇرۇش» ناملىق كىتابتىكى ئىنچىكە پىكىرلەردىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئامېرىكانىڭ ھەر قايسى ساھەدىكى سەرخىللىرى يۇقىرىقى رېئاللىقنى چۈشىنىشتىن ئاجىز كەلمەكتە. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى مانا مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئاغزىنىڭ ئۈچىدا ئەركىن سودا ۋە يەرشارىلىشىش دەپ قويغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەركىن سودا بىلەن شۇغۇللىنىشتا قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك بولغان مۇناسىۋەتلىك قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇش ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ. خىتاي ھەر قايسى دۆلەتلەرنى ئۆزىگە مەبلەغ سېلىشقا چاقىرىدۇ-يۇ، ئۆزىگە سېلىنغان مەبلەغدىن كەلگەن پايدىنى مەبلەغ سالغۇچىنىڭ خىتايدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە ئەسلا يول قويمايدۇ. خىتاي كارخانىلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۆز ماگىزىنلىرىنى قۇرىدۇ-يۇ، ئەمما بيۇكرات خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ خىتايدا باش كۆتۈرۈشىگە قارشى تۆرلۈك چەكلىمىلەرنى قويۇۋالىدۇ.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىردەك ھالدا ئەركىن بازار تېخىمۇ كۆپ بايلىق ئېلىپ

كېلىدۇ دېگەن ئىقتىساد نەزەرىيىسى بويىچە ئىش كۆردى. بۇ ئۇقۇم يەنە زامانىۋىلىشىش نەزەرىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان ئاساستا، دېموكراتىك سىستېما ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېگەن پىكىردە بىرلىككە كەلدى. بۇ نەزەرىيەنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن سېيمور لىپسېت (Seymour Lipset) بۇ نەزەرىيەنى مۇنداق چۈشەندۈردى:«بىر دۆلەتنىڭ بايلىق دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ دېموكراتىيەنى بەرپا قىلىش پۇرسىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.»

باشقىچە ئېيتساق، ئەركىن سودا بايلىق ئېلىپ كېلىدۇ، بايلىق دېموكراتىيەنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ توماس فرىدمەن (Thomas Friedman) «دۇنيا ياپپاڭدۇر» (World Is Flat) ناملىق كىتابىدا يورۇتقان ئىدىيەدۇر. دەل مانا مۇشۇ ئىدىيە ئامېرىكا سەرخىللىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئۈلپەتداش بولۇشىغا تۈرتكە بولغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكا سەرخىللىرى ۋېنستون چېرچىل ۋە فرانكلىن روزۋېلت بىر پارچە خۆججەتتە ئوتتۇرىغا قويغان دۇنياۋى تەرتىپنىڭ كۈچىنى تونۇپ يەتكەن. بۇ خۆججەت كۈنىمىزدىكى بىز بىلىدىغان دۇنيا تەرتىپىنى شەكىللەندۈرۈشتە تېخىچە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. «ئاتلانتىك نىزامنامىسى» دەپ ئاتالغان بۇ خۆججەت پەقەت بىرلا بەت بولسىمۇ، بىراق خۆججەتتە تەكىتلەنگەن نۇقتا ئۆزىدىن كېيىنكى يەتمىش نەچچە يىلدا ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت نىزامنامىسى بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق داڭلىق ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولغان.

«ئاتلانتىك نىزامنامىسى» سەككىز ماددىدىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، بىراق شۇنىڭ ئىچىدىكى مۇنۇ تۆت پرىنسىپ دۇنيا ھاكىمىيەت سىستېمىسىغا يېتەكچى بولۇپ كەلگەن. بۇ تۆت پرىنسىپ (1) ئەركىن بازار، (2) دېموكراتىك پرىنسىپ، (3) قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، (4) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئامېرىكا سەرخىللىرى مانا مۇشۇ تۆت پرىنسىپنىڭ خىتاينى ئاقىۋەتتە دېموكراتىيەلىششكە باشلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، لىپسېت ۋە باشقا كۆپلىگەن غەربلىكلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ساقايتىش قىيىن بولغان بيۇكرات خاراكتېرىنى تونۇپ يېتىشتىن ئاجىز كەلگەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېموكراتىيەنى ئۆز مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قاراپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئۇ ئەركىن بازار سىستېمىسىنى كولدۇرلىتىشنىڭ يولىنى تېپىۋالغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەرب رەھبەرلىرىنى دۇنيا تەرتىپىنىڭ پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە بولسا پىلانلىق ھالدا مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئۇلىنى كولاش ئارقىلىق غەربنىڭ ئۇمچىنى ئۆرۈۋېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2017 ـ يىلى يەرشارىلىششىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان شۋېتسارىيەنىڭ داۋۇستا ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا

ئىقتىساد مۇنبىرى» ىېغىنىدا مۇنداق دېگەن:«بىز ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يەرشارىۋىي ئەركىن سودىغا ۋە مەبلەغ سېلىشقا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، سودا ئەركىنلىكى ۋە مەبلەغ سېلىش ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. شۇنداقلا، سودا قوغۇقچىلىقىنى (protectionism) رەت قىلىمىز.»

بۇ سۆزدىن شى جىنپىڭ غەربنىڭ قىممەت قارىشىنى قوبۇل قىلىدىغاندەك بىلىنىشىدۇ. بىراق، خىتاينىڭ غەربنىڭ ئۇمىچىنى ئۆرىۋېتىدىغان كوزۇرى دەل مۇشۇ يەردە. خىتاينىڭ تەسىرىنىڭ نېمىشقا شۇنچە غەلىبىلىك، ھېيلىگەر ۋە تەسىرچانلىقتا ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

چۈشەندۈرۈشۈمگە قۇلاق سالغايسىز. بىز ئۇرۇش ئايروپىلانى ھەيدەيدىغانلار ھاۋا ئۇرۇشى ئەسناسىدا سەپدىشىمىز بىلەن روھىي بىردەكلىك ھاسىل قىلىشىمىز زۆرۈر. مۇشۇ خىل روھىي بىردەكلىك ئارقىلىق، ئىككى ئۇچقۇچى ئۇرۇش جەريانىدا سۆزلىششكە ئامالسىز قالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا مۇكەممەل شەكىلدە، ئوبيېكتقا ئورتاق ھالدا ھۇجۇم قىلالايمىز. بۇ خىلدىكى روھىي بىردەكلىك ھاسىل قىلىشتا، قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى چۈشىنىش يېتەرلىك ھېسابلانمايدۇ. ھالبۇكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىز، يەتمەكچى بولغان نىشانىمىز ۋە پىلاننى قانداق قىلغاندا غەلىبىلىك ئىجرا قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىمىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەپدىشىمىزنىڭ كۆڭلىدە قۇياشتەك ئايان بولۇپ تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ.

داۋۇس مۇنبىرىدە كىشىلەر شى جىنپىڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپنى ئاڭلىدى، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرغان نىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلمىدى. ئەرباب‌لار شىن جىنپىڭ يەرشارىلىششنىڭ ئاساسى پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلدى دەپ چۈشەندى. مانا بۇ شى جىنپىڭنىڭ ئۇلارغا ئاڭلاتماقچى بولغىنى ئىدى. بىراق، بىز ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نېمە گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكىنىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، شى جىنپىڭنىڭ ئەسلىدە ھېچقانداق بىر ئىشقا قەتئىي ۋەدە بەرمىگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقئارا قانۇنغا ئەمەل قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئېيتقىنى يوق. خىتايغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ پايدىسىنىڭ خىتايدىن چىقالىشى ئۈچۈن خىتايدىكى پۇل-مۇئامىلە سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنىمۇ دېگىنى يوق. شى جىنپىڭنىڭ «سودا قوغۇقچىلىقىنى رەت قىلىمىز» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە؟ خىتايدىكى ئىقتىسادىي سىياسەت سېپى ئۆزىدىن سودا قوغۇقچىلىقىدۇر. شى جىنپىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن غەربنىڭ سودا قوغۇقچىلىقىنى ياقىلماسلىقى كېرەكلىكىنى ئېيتماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، خىتاي رەئىسى ئەركىن سودا قانۇنىغا ۋە يەرشارىلىششقا قوشۇلىدىغاندەك كۆرۈنۈپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇستىلىق بىلەن بۇلارنىڭ ئۇلىنى كولىماقتا.

شى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ شۇم نىيىتىدىن تامامەن خەۋەرسىز بولغان ئامېرىكا سەرخىللىرىنى ئىندەككە

كەلتۈرۈۋالدى. سىز بايا ھاۋا ھۇجۇمىدا گورۇپپا ئەزالىرى توغرا شەكىلدىكى روھىي بىردەكلىك ھاسىل قىلمىغاندا، مالىمانچىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. كۈنىمىزدىكى مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپى توغرىلىقمۇ دەل مۇشۇ خىل ئويدا بولساق بولىدۇ. مانا بۇ مۇشۇ كىتابىمىزنىڭ يېزىلىش سەۋەبىدۇر.

شى جىنپىڭنىڭ داۋۇستا ئېيتقىنى ئەسلىدە غەرب سودىدا ماڭا قۇچاق ئېچىشى كېرەك دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۇ غەربنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مىزانىغا قوشۇلىدىغان سىياقتا كىرىۋالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىزانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شى جىنپىڭ ئەركىن سودا بايلىقتا، بايلىق دېموكراتىيەگە باشلايدۇ دېگەن ئۇقۇمنى ئاغزىدا قوبۇل قىلغاندەك بولىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى يەرشارىلىشىش ۋە ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ خىتايىنى غەربنىڭ بېشىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت. شى جىنپىڭ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەبلىغى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىقتىسادىغا، ئارمىيەسىگە، تېخنولوگىيە تەرەققىياتىغا ياردەم بەرمەكچى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خىتايىنى كۈچلەندۈرۈپ، پۈتۈن دۇنياغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى.

شى جىنپىڭنىڭ ئاغزىدا ئامېرىكا سەرخىللىرىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىنى ئىپادە قىلىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىككىلى تەرەپ ئەركىن سودا مۇنبىرىدە تۇرۇپ سودا قىلىشۋاتىمىز، ھېچكىم ھېچكىمنى قاقتى-سوقتى قىلىشى ئىمكانسىز دېگەن خاتا چۈشەنچىگە باشلاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا سەرخىللىرىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئۇلارنى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇتقۇزۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاي بېسىپ ياتقان پۈتكۈل زېمىنىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزى يالغۇز كونترول قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شى جىنپىڭ بۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سەرخىللاردىن ئىبارەت شېرىكلىرىنى ئۇلارنىڭ خىتاي كومپارتىيىسىنى يۆلىشى بەدىلىگە بېيىتىپ كەلدى.

بۇ قالتىس ئىستراتېگىيەنىڭ يادروسى «دۆشمەنگە ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشىغا ياردەم بەرگۈزۈش»تىن ئىبارەت. ئامېرىكا سەرخىللىرى قىرىق يىل مابەينىدە مانا مۇشۇ پۇرسەت ۋاگونىغا چىقىۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇلارچە يەنە تېخى ھەم باي بولۇش، ھەم دۇنيانىڭ دېموكراتىيىلىشىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت گۈزەل چۈشىمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك تۇراتتى.

ياخشى يېرى، بىر نەرسە ئۇلارنى ئەللەيلىتىدىغان بۇ گۈزەل چۈشنى كۆرۈشكە توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. بۇ دەل ئامېرىكا قانۇنىدۇر. ئامېرىكا قانۇنى ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەركىنلىكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. سايلاش ھوقۇقىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە. مانا بۇ بيۇكرات خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئۇقۇمدۇر. خىتاينىڭ يامان غەرەزلىك ئويۇنى سەۋەبلىك خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۈچ مىليون تۆت يۈز مىڭ ئامېرىكا پۇقراسى، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئائىلە

ئەزالىرى ۋە دوست ـ يارەنلىرى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىيەت نەزەرىيىلىرىنى سۆكۈش ئارقىلىق كۆپچىلىككە ئۆزلىرىنىڭ تارتقۇلۇقىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى قارار قىلغان. بۇ ئامېرىكالىقلار كۆپچىلىكنىڭ ئۆز ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشىنى ئارزۇلايدۇ. ئامېرىكا رەھبەرلىرى ئارىسىدا بىرەيلەن ئۇلارنىڭ چۇقانلىرىغا قۇلاق سالغانلىقتىن، 2016 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنتلىق سايلىمىدا ئەنە شۇ ئاۋاز ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن. ئامېرىكادىكى ئىككى پارتىيەنىڭ پرېزىدېنت نامزاتلىرىدىن مەيلى دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بېرنى ساندېرس (Bernie Sanders) بولسۇن، مەيلى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن دونالد ترامپ بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى خىتاي بىلەن بولغان ئادالەتسىز ئەركىن سودىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەر توغرۇلۇق سۆزلىگەن. ئۇلار بۇ ھادىسىنى ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى «خىتاي زىلزىلىسى» دەپ ئاتىغان. ئوخشاش ئەھۋال 2018 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلىمىدىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، پرېزىدېنت نامزاتلىرى خىزمەت پۇرسىتى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىشسىز قالغان كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك قوللاش، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان.

بۇ كىتاب ئۆز سەرخىللىرىنىڭ ئۆز دۆشمىنىنى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ تورمۇشىغا باشلاپ كىرىشىدىن ئاۋۋالقى ياخشى تۇرمۇشىنى ئارمان بىلەن ئەسلەيدىغان ئامېرىكالىق ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈندۇر. كېيىنكى بابلاردا ئامېرىكانىڭ قانداق قىلىپ خاتا يولغا كىرىپ قالغىنى، قانداق قىلغاندا توغرا يولغا قايتقىلى بولىدىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، بۇ كىتابنىڭ ماۋزۇسىدىكىدەك، خىتاينىڭ مەخپىي ئۇرۇشى ھەققىدە، خىتاينىڭ ئامېرىكا سەرخىللىرىنى قانداق ئويناتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالغانلىقى توغرىسىدا توختىلىدۇ. بۇ تولىمۇ مۇھىم مەزمۇن بولۇپ، كىتابنىڭ مەلۇم بۆلۈكىدە مۇشۇ ھەقتە بايانلار مەۋجۇت. كىتابتا يەنە ئامېرىكا بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكانىڭ بۇ ئۇرۇشتا قانداق غەلىبە قىلىشى كېرەكلىكى، مۇكەممەل بىرلىكنى قانداق قانداق ھاسىل قىلىشى كېرەكلىكى ۋە ئادالەتنى قانداق بەرپا قىلىشى كېرەكلىكى، شۇنداقلا ئامېرىكادىكى ئىچكى ئامانلىقتا (domestic tranquility) قانداق كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، دۆلەت مىقياسىدا مىللىي بىخەتەرلىكنى قانداق تۇرغۇزۇش ۋە ئومۇمىي پاراۋانلىقنى قانداق جانلاندۇرۇش ھەققىدىمۇ مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

كىتابتا ئوسال كەلگۈسىدىن قانداق ساقلىنىش، ئۆزىمىز ئۈچۈن ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك ئەركىنلىكنى قانداق كاپالەتكە ئىگە قىلىش كەڭ دائىرىلىك مۇھاكىمە قىلىنغان. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، خىتاينىڭ بۇ چەكلىمىسىز ئۇرۇشنى توسۇشتا بىزنىڭ پەقەت ئۈچ يىللا ۋاقتىمىز قالدى. ئەگەر يەنە مۇسىلداپ ئولتۇرساق، ئامېرىكانى ئامېرىكا قىلغان — بىزنىڭ تەبىرىمىز بويىچە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت — ھۆرلۈك ئىدىيىسى ئۆزىنىڭ

كۆچیشىدىن باشقا ھېچنېمىنى مۇھىم بىلمەيدىغان بىر مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرايدۇ.

ختاي ھەر بىر ئامېرىكا پۇقراسىغا ھەر قانداق باسقۇچتا تەسىر كۆرسىتىدىغان شەكىلدە دۆلىتىمىزنى نىشانلىماقتا. ختاي ئامېرىكانىڭ دوللارلىرىنى ختايغا مەبلەغ قىلىپ سېلىشقا ئىندەككە كەلتۈرۈش غەرىزىگە يەتتى. ئەسلىدە ئاشۇ دوللارلار ئامېرىكاغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنىشقا خۇيمۇ لايىق ئىدى. ختايغا مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان ئاشۇ دوللارلار ئامېرىكادىن چىقىپ كەتمەي قېلىپ قالغان بولسا، دۆلىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان خىزمەت پۇرسەتلىرى يارىتىلغان بولاتتى. ختاي شىركەتلىرى ئامېرىكا شىركىتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئامېرىكادا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنولوگىيىسىنى ئوغرىلاپ، ئارقىدىن ئوغرىلىق يولى بىلەن قولغا چۈشۈرگەن بۇ مەھسۇلاتنى سېتىپ پايدىغا ئېرىشىشى ئاشۇ ئامېرىكا شىركىتىنى ئوغرىلاپ پايدىغا ئېرىشكەنگە باراۋەر. بۇ مەھسۇلاتنى ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئىقتىساد سەرپ قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغىنى ئەسلىدە ئاشۇ ئامېرىكا شىركىتىدۇر. ئامېرىكا كارخانىلىرى ئېرىشىدىغان پايدىغا توپا چاچىدىغان بۇ خىل قىلمىشنىڭ باشقا تەسىرلىرىمۇ بار بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ باج كىرىمىنىڭ ۋە كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان كىرىمىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى نومۇسسىز قىلمىشلىرى ۋە قائىدە-نىزاملارغا رىئايە قىلماسلىقى ئارقىلىق نوقۇل ئامېرىكا كارخانىلىرىغا ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلارغىلا زىيان يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلار بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

ئامېرىكا خەلقى بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى


مەجد ناۋاز

# مەجىد ناۋاز

**مەجىد ناۋاز ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئەنگلىيەدە ۋە غەرب دۇنياسىدا كۈنتەرتىپ كېلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ يىلى يازدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى باستۇرۇشىغا بولغان قارشىلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بەش كۈن ئاچلىق ئېلان قىلغان. ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى باشلىغاندا ئۆز ئاچلىق ئېلان قىلىشىنىڭ تاكى پارلامېنتنىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە يۈز مىڭ كىشى ئىمزا قويغانغا، ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كەلگەنگە قەدەر داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان.**

**مەجىد ناۋازنىڭ ئانىسى تۇققۇز يېشىدا ئەنگلىيەگە كەلگەن بولۇپ، مەجىد ناۋاز 1977-يىلى 2-نويابىر ئەنگلىيەدە پاكىستان ئەسلىلىك بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەنگلىيىلىك ئاكتىۋىست ۋە رادىئو رىياسەتچىسىدۇر.**

**مەجىد ناۋاز ئىلگىرى «ھىزبۇتتەھرىر»نىڭ ئەزاسى بولغان بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك 2001-يىلى مىسىردا تۇتۇلۇپ، 2006-يىلىغىچە تۈرمىدە ياتقان. كىشىلىك ھوقۇقتا ئائىت كىتاب ماتېرىياللارنى ئوقۇش، ئەنگلىيىدىكى خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلەن باردى كەلدى قىلىش نەتىجىسىدە، 2007-يىلىدىن باشلاپ «ھىزبۇتتەھرىر»دىن يانغان. ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ئۆتمۈشىنى ئىنكار قىلىپ، «سېكيۇلار ئىسلام»نى تەشەببۇس قىلىشقا ئۆتكەن. ئىلگىرىكى ئىسلامچى بولغان سەپداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ «كۋىيلىيم تەتقىقات ئورنى»نى قۇرغان.**

**كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى مەجىد ناۋاز يېقىنقى چاغلاردىن بېرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشىنى تەنقىدلەپ، خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمىغا باشلامچىلىق قىلغۇچى شەخسلەرگە قارشى «ماگنىتسكي قانۇنى»غا ئوخشاش بىر قانۇن چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[1]**

**ئۇ رىياسەتچىلىك قىلىدىغان رادىئو قانىلىغا خىتاينىڭ ئادەملىرى تېلفون قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كامپلارغا سولانغانلىقىدەك پاكىتنى ئىنكار قىلغاندا، مەجىد ناۋاز ئۇنداقلارنى كۈچلۈك لوگىكىلىق سوئاللار ۋە دەلىللەر بىلەن مات قىلغان.**

**مەجىد ناۋاز دۇنيادىكى ھەر قايسى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتايغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان. مەجىد ناۋاز ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئىككى مىليوندىن ئارتۇق كىشى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامالغان. ئۇيغۇرلار باستۇرۇلۇشقا ۋە قىيىن-قىستاققا ئۇچرىماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئىچكى ئەزالارنى كۆچۈرۈش بازارلىرىدا تاۋارلاشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن سۇغۇرۇلۇپ ئېلىۋېلىنىۋاتماقتا.»**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

---

1/ttps://5pillarsuk.com/2020/07/18/maajid-nawaz-goes-on-hunger-strike-to-support-uyghurs

# ئادالەت ھەققىدىكى ئايەتلەر



# قۇرئان كەرىمدىن ئادالەت توغرىسىدىكى ئايەتلەر

### ئاللاھنىڭ ئادىل ئىلاھ ئىكەنلىكى توغرىسىدا

ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

{الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى ئەمەسمۇ؟} (95 ـ سۈرە تىن، 8 ـ ئايەت)

{الله ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر.} (12 ـ سۈرە يۇسۇپ، 80 ـ ئايەت)

{ئۇلار (ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئادالەتسىز كۆرۈپ) جاھىلىيەتنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله قا) چىن ئىشەنگەنلەرنىڭ قەۋمىنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله تىنمۇ ئادىل كىم بار.} (5 ـ سۈرە مائىدە، 50 ـ ئايەت)

{الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»} (34 ـ سۈرە سەبەئ، 26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

### ئاللاھنىڭ ھەر قانداق ئىشتا ۋە ھەر قانداق چاغدا ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى

{ئادىل بولۇڭلار! ئاللاھ تائالا ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.} (سۈرە ھۇجۇرات، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

{شۈبھىسىزكى، االله ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.} (60 ـ سۈرە مۇمتەھىنە، 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

### ئاللاھنىڭ ھەر قانداق ئىشتا ۋە ھەر قانداق چاغدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغانلىقى

{ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، الله ھەقىقەتەن ئادىل بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.} (5 ـ سۈرە مائىدە، 34 ـ ئايەت)

{شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.} (58) (4 ـ سۈرە نىسا، 58 ـ ئايەت)

{ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن.} (38 ـ سۈرە ساد، 26 ـ ئايەت)

{(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) الله نازىل قىلغان (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا

ئادىل بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.} (42 ـ سۈرە شۇرا، 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

{اللە ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ، ا اللە سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.} (16 ـ سۈرە نەھل، 90 ـ ئايەت)

{(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرۇدى. ھەربىر سەجدە قىلغاندا پۈتۈنلەي ا اللە قا يۈزلىنىڭلار، اللە قا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەر اللە دەسلەپتە پەيدا قىلغان ھالىتىڭلاردا (ئەسلىگە) قايتىسىلەر.»} (7 ـ سۈرە ئەئراف، 29 ـ ئايەت) 7:29

{ئى مۆمىنلەر! ا اللە نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە (ياكى بىرەر كىشىگە) بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلار بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىرىڭلارغا ئوخشاش دەرىجىدە) ئادىل بولۇڭلار. بۇ خىلدىكى ئادىللىق تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. اللە تىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر} (5 ـ سۈرە مائىدە، 8 ـ ئايەت)

{ئاراڭلاردىن بىرىكىم ئۆلىدىغان چېغىدا ۋەسىيەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا (ئۆلىدىغان چېغىدىكى ئاغزاكى ۋەسىيەتلىرىگە گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن) ئىچىڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشى گۇۋاھ بولسۇن.} (5 ـ سۈرە مائىدە، 106 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

{سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار، (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ (ئۇنىڭغا يان باسماي، ئادىل بولۇڭلار)، اللە قا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار.} (6 ـ سۈرە ئەنئام، 125 ـ ئايەت)

{ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتلىك بولۇشنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا يان باسماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ ھەقسىزلىكىنى يوشۇرماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار. اللە سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ا اللە ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر (135)} (4 ـ سۈرە نىسا. 135 ـ ئايەت)

**{(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، االله ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، االله ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.} (60 ـ سۈرە مۇمتەھىنە، 8 ـ ئايەت)**

**{(ئېلىم ـ سېتىمدا ماللارنىڭ ئېغىرلىقى... قاتارلىقلارنى ئۆلچىگەندە) ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار.} (55 ـ سۈرە رەھمان، 9 ـ ئايەت)**

**{ئۇلارنىڭ ئىددەتتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزلىشىپ كېتىڭلار، (يېنىشقان، ئاجراشقان چېغىڭلاردا) ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، خۇدالىق ئۈچۈن (توغرا) گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭ بىلەن (يەنى بۇ ھۆكۈم بىلەن) االله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ، كىمكى االله تىن قورقىدىكەن، االله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ.} (65 ـ سۈرە تالاق، 2 ـ ئايەت)**

### باشقىلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغاندا ئادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

**{(مۆمىنلەردىن ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ھەقسىزلىك قىلغۇچى ھەقكە قايتسا) ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار. ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.} (سۈرە ھۇجۇرات، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**

* ئۇرۇشۇپ قالغان، يامانلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغاندا ھەق ئۈچۈن جېدەللەشكۈچىنى بېسىش، ھەقسىزلىك قىلغۇچىنىڭ ھەقسىزلىكىنى كۆرمەسكە سېلىش ئايەتتىكى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇش ئەمرىگە توغرا كەلمەيدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى ياراشتۇرۇش ئادىل ياراشتۇرۇش ئەمەس، ھەقسىزلىك قىلغۇچىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقسىزلىكنى كەلگۈسىدە يەنە قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئادالەتسىز ياراشتۇرۇشتۇر. مۇشۇ ئايەتنىڭ بېشىدا {ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار} دەپ بار. ياراشتۇرۇشتا ئادالەتسىز تەرەپ ھەقكە قايتىشى كېرەك. ھەقكە كەلمىگەن ئادەم بىلەن ھەق ئۈستىدە تۇرغۇچىنى ياراشتۇرۇش ھەق بىلەن ناھەقنى ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلىق ۋە ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقتۇر. شۇڭا، ياراشتۇرۇشتىكى ئادالەت ئۆلچىمى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ.

### ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدىغانلارنى ئۆلتۈرىدىغانلارنىڭ ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى

**{االله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلار، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئادالەتكە بۇيرۇيدىغانلار (يەنى االله قا دەۋەت قىلغۇچىلار) نى ئۆلتۈرىدىغانلارغا چوقۇم قاتتىق ئازاب بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.} (3 ـ سۈرە ئالى ئىمران، 21 ـ ئايەت)**

## ئاللاھنىڭ تۆمۈرنى ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە ئادالەت ئورنىتىشى ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكى توغرىسىدا

{ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق. تۆمۈرنى ياراتتۇق، (تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ - قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، الله نى كۆرمەي تۇرۇپ (قوراللارنى ئىشلىتىپ) الله قا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ياردەم بەرگەنلەرنى بىلىش (مەلۇم قىلىش) ئۈچۈن (تۆمۈرنى ياراتتى)، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.} **(57 ـ سۈرە تۆمۈر (ھەدىد)، 25 ـ ئايەت)**

## قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ۋە بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا

{(قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.} **(10 ـ سۈرە يۇنۇس، 47 ـ ئايەت)**

{(قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ (يەنى خالايىقنىڭ) ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.} **(10 سۈرە يۇنۇس، 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**
{شۈبھىسىزكى، (قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ (بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ) ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ، االله غالىبتۇر، (بەندىلىرىنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى ئەڭ مۇكەممەل) بىلگۈچىدۇر.} **(27 ـ سۈرە نەمل، 78 ـ ئايەت)**

{ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىمىز (قىيامەت كۈنى) بىزنى يىغىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر، (خالايىقنىڭ ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر»} **(34 ـ سۈرە سەبەئ، 26 ـ ئايەت)**

{مەھشەرگاھ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ، نامە ـ ئەماللار ھازىر قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرلەر ۋە گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.} **(39 ـ سۈرە زۇمەر، 69 ـ ئايەت)**

{الله ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئۇلار الله نى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار ھېچ نەرسىگە ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس، الله ھەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.} **(40 ـ سۈرە غافىر، 20 ـ ئايەت)**

{الله نىڭ ئەمرى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، بۇ چاغدا ھەقكە قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ.} **(40 ـ سۈرە غافىر، 78 ـ ئايەت)**

ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى



# خىتايغا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى

كېۋىن مىكارسى، مىكائىل ماككائۇل

## خىتايغا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان پەيت كەلدى

كېۋىن مىكارسىي، مىكائىل ماككائۇل

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ 71 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان بىر پەيتتە، ئامېرىكالىقلار كوممۇنىستىك رېجىمنىڭ ئاساسى تەبىئىتىنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرمىگەنلىكى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي رېئاللىقنى تونۇپ يەتتى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئىسلاھات ۋەدىسىنى بېرىپ كەلگەن بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ سىياسىي ئەركىنلىككە يول قويماسلىقى 1989-يىلىدىكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىكىدىن ھېچ پەرقسىز بولۇپ كەلدى. خوڭكوڭدا ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق شەكىلدە ۋەيران قىلىش، قوشنا ئەللەر ھاكىمىيىتىگە توختاۋسىز رەۋىشتە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھىمسىز، بىر پارتىيىلىك دىكتاتورلۇقتا تۇرۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت كۆڭۈلسىز ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز ئامېرىكا سىياسەتچىلىرى ۋە كارخانىچىلىرىنىڭ بۇ رېئاللىققا سەل قارىغانلىقىغا شاھىد بولدۇق. بۇ ھال كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

قىرىق يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيانقى ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى خىتاي بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. پرېزدېنت ئوباما كۆچلۈك خىتايغا قۇچاق ئېچىپ، ئۇنىڭ «ئىجابىي ياخشىلىق» ئىكەنلىكىنى، «ئاقىۋەتتە ئامېرىكالىقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ خىزمەتكە ئېرىشىدىغانلىقى» جاكارلىغان ئىدى. سودىلىشىش ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، «بىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا بوي سۇنىمىز، ئۇلار ئىسلاھ بولىدۇ»دىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق بۇ ھەقىتىكى ئۈمىدۋار پەرەزلەرنىڭ خاتالىقى ئىسپاتلاندى. خىتايلار بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتۈش ئارقىلىق، ئۆزگەرگىنى بىز بولدۇق. ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەس. ئامېرىكا مىڭلىغان ياسىمىچىلىق ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ شىركەتلىرى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ئارقىلىق مىلياردلاپ تاپاۋەتكە ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئۈچ قىتئەگە تارقالدى.

ناۋادا بۇ خىلدىكى پرىنسىپسىز مۇناسىۋەتلەر داۋام قىلسا، ئامېرىكا خىتايدىن ئىبارەت زور كۈچكە كەلگۈسىنى تارتۇقلاپ بېرىدۇ. خىتاينىڭ يەر

شارىغا يامان نىيەتتە بولۇش شۇم نىيىتىگە قارشى تۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسىدىكى خىتاي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئامېرىكانىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە بېقىنىپ قېلىشىغا خاتىمە بېرىشنى تەۋسىيە قىلىپ، شۇنداقلا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە بەخت-سائادىتىنى قوغداش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ئەتراپلىق تەۋسىيەلىرىمىز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك رىقابەت، تەمىنلەش زەنجىرى، دۆلەت بىخەتەرلىكى، تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ئېنېرگىيە، رىقابەت كۈچى قاتارلىق ئالتە ساھەدىكى ئىستراتېگىيىلىك ھەرىكىتىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بىز چوقۇم ئارمىيىمىزنى كۈچلەندۈرۈشىمىز، خىتاينىڭ ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدە تەسىرگە ئىگە بولۇش تىرىكىشلىرىنى توختىتىشىمىز لازىم. بىز دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنى ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق كۈچىمىزنى زامانىۋىيلاشتۇرۇپ، تەتقىقات ۋە تەرەققىيات جەھەتلەردىكى مۇئەييەن ساھەلەردىكى يېتەرسىزلىكلەرگە خاتىمە بېرىشىمىز لازىم. بىز يەنە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىمىزنى كېرەكلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ۋىزا ئالدامچىلىقىنى تەكشۈرۈشىمىز لازىم.

دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشتىن سىرت، بىز يەنە ئىقتىسادىي ئۈرۈشتىكى ئورنىمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. بىزنىڭ پىلانىمىز كەلگۈسى ئىككى يىلدا فېدراتىپ ھۆكۈمەتتە سۈنئىي ئەقىل ۋە كۋانت ھېسابلاش تەتقىقاتىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇشتىن، ھەمدە خەلقئارالىق 5G ئۆلچىمىنىڭ ۋە ئىلغار يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۆزەك ياساشنىڭ ئامېرىكا تەرىپىدىن يېتەكچىلىك قىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بىراق، ئامېرىكا شىركەتلىرى پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجلىق بولغىنىدەك، خىتاي ئىلكىدىكى شىركەتلەرمۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن خىتاي ۋىرۇسى ئۈچۈن ۋاكسىنا تەتقىق قىلىۋاتقان ئامېرىكالىق تەتقىقاتچىلارغا قارشى خاككېرلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ياسىمچىلىق جاسۇسلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىتاي كارخانىلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى يېڭىلىقلارنى قوغداشنى پىلانلىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

بىراق، تەخىرسىزلىكتە خىتاينىڭ تەمىنلەش زەنجىرى مونوپوللۇقىنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە بولماسلىقى مۇمكىن. خىتاي ۋىرۇسى بىزنىڭ خىتايغا دورا، شەخسىي قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنولوگىيە جەھەتتە بېقىنىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ خىل ھالەت چوقۇم ئاخىرلىشىشى لازىم. بىزنىڭ پىلانىمىز ئامېرىكانىڭ ياسىمچىلىقىنى ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ھەممە مەبلەغ سېلىش ساھەسىگە مەڭگۈلۈك ئاساسنى سۇنۇش ئارقىلىق تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى روياپقا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش بىجى ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

دۆلەت ئىچكى كۈچىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، بىز يەنە ئەخلاقىي خاتالىقلارنى جاسارەتلىك رەۋىشتە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسجىدلەرنىڭ

ۋەيرانچىلىقتا ئۆچۈرۈشى توغرىسىدىكى سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرى بىزگە مۇنداق بىر كونا ھەقىقەتنى ئەسلەتتى: «بىز يامانلىقتا سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالىمىز. يامانلىق بولسا كەلگۈسىدە مىڭ ھەسسە كۈچىيىدۇ.» بىزنىڭ خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا ياردەم بەرگۈچىلەر توغرىسىدا ئېنىق سۆز قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىزنىڭ پىلانىمىز ترامپ ھۆكۈمىتىنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ھۇجۇمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھسابلىنىدىغان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بەلگىلەشكە چاقىرىدۇ. بۇ تاشقى سىياسەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز يەنە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن تەستىقلانغان، ياكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن شېرىكچىلىكى بولغان فىلىملەر ۋە تەنھەرىكەتلەر ئۈچۈن چۈشەنچە بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىۋاتىمىز.

خىتاي خىزمەت گۇرۇپپىمىزنىڭ پىلانى خىتاي توغرىسىدىكى مەغلۇب بولغان ئورتاق تونۇشنى ئۆزگەرتىپ، بىخەتەرلىكىمىزگە ۋە ئۆز-ئۆزىمىزگە يېتەرلىك بولۇشىمىزغا قارشى جىددىي تەھدىتكە تاقابىل تۇرىدۇ. پىلانىمىزدا 400 دىن ئارتۇق تەۋسىيە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يۈز يەتمىشتىن ئارتۇق قانۇن تەكلىپى مەۋجۇت. بۇ تەكلىپلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى دېگۈدەك ئىككى پارتىيەگە ئورتاق بولۇپ، ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى ئاللىقاچان ئاۋام پالاتاسى ياكى كېڭەش پالاتاسىدىن ئۆتتى. بۇ دۆلەت مەجلىسىدىكى خىتايغا ئائىت ئەڭ كونكېرت دوكلات بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەكلىپلەر رېئاللىقتا ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھۆكۈمەتتە ۋە جەمئىيەتتە ماس قەدەمدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھەم تەتقىقات ئورگانلىرىمىزدىن پايدىلىنىش، ھەم ئۇلارنى يوقىتىۋېتىش كويىدا بولماقتا. ئۇ خىتاي ئارزۇسىنى ئامېرىكا ئارزۇسىنىڭ ئورنىغا قويماقچى. ئامېرىكا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شۇم غەرىزىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە، ياكى ئۇنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشىگە ئەمدى ھەرگىز بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۆزىمىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئەركىنلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا بىز چوقۇم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش تىپىدىكى ئىستراتېگىيە قوللىنىشىمىز كېرەك.

بىز ئىلگىرى بۇنى قىلالىغان ئىدۇق. بىز «دېموكراتىك قورال-ياراق ئامبىرى» ئارقىلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدۇق. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئالەم بوشلۇقىدىكى ئىلگىرىلىشىدىن ھالقىپ، ئاي شارىغا تۇنجى بولۇپ چىقتۇق. ئىقتىسادىمىزنى قايتا تىرىلدۈرۈش ۋە يۇقىرى تېخنولوگىيەگە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غايەت زور ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى يەڭدۇق. ھەر قانداق ئەھۋالدا خۇسۇسىي ۋە ئاممىۋىي تارماقلار زۆرۈر ئايرىملىقنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، مىللىي مەنپەئەتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشتىن قورقمىغان ۋە نومۇس قىلمىغان ئىدى. بۈگۈنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يولدا مېڭىشىمىز كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.nationalreview.com/2020/10/china_task_force_us_must_get_serious_about_chinese_communist_/party




# شى جىنپىڭ ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق باشتۇرماقچى

چۈن خەن ۋوك

# شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى

شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشتا ئۇتۇق قازانغانلىقىنى جاكارلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنى ئاسىملاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنى توختاتمايدىغانلىقىدىن سىگنال بەردى.

شى جىنپىڭ «ئەمەلىيەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى دەۋردە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دېدى ۋە بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. خىتاي دۆلەت مېدىياسىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، شى جىنپىڭ ئىككى كۈن داۋاملاشقان، يەكشەنبە كۈنى ئاخىرلاشقان «شىنجاڭ يىغىنى»نىڭ خۇلاسىسىدە يۇقىرىقىلارنى ئېيتقان.

شى جىنپىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەركەز ۋە شىنجاڭ ئەمەلدارلىرى يىغىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا سۆز قىلىپ، پۈتكۈل كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ شىنجاڭدا تېخنولوگىيىنى يولغا قويۇشنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي بۇرچى دەپ قارىشى كېرەكلىكى، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر رايوننى ئۇزۇم مۇددەتلىك ئەمىنلىك ۋە مۇقىملىق ھالىتىگە ئېلىپ كەلگىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق پەرمان بەردى.

شى جىنپىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش پۈتكۈل پارتىيە ئۈچۈن ۋە دۆلەت ئۈچۈن مۇھىم ۋەزىپە، شۇنداقلا بۇ دۆلەت مىقياسىدا <بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك>نى تەقەززا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

شى جىنپىڭ يەنە 2014-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتىنىڭ 7.2 پىرسەنت بولغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

شىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ بېيجىڭنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈش غەرىزىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان يۇقىرى بېسىملىق باستۇرۇش كۈرىشىنى ئوچۇق-ئاشكارا قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بېيجىڭنىڭ بۇ كۈرىشى يېقىنقى يىللاردىكى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە رايوندىكى مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بېيجىڭنىڭ بۇ قىلمىشى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى دەپ ئەيىبلەندى ۋە دۇنيا مىقياسىدا كۈچلۈك قارشىلىققا سەۋەب بولدى.

مۇشۇ ھەپتىدىكى يىغىن 2014-يىلى مابەينىدە شىنجاڭ توغرىسىدا ئېچىلغان ئەڭ مۇھىم يىغىن ھېسابلىنىدۇ. ئالدىمىزدىكى بەش يىل ئەتراپىدا بېيجىڭنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئۆز پىلانىنى ئىجرا قىلىشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇ قېتىملىق يىغىن ۋاقتى ئالدىن ئېلان قىلىنمىغان.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان 12 مىليون ئۇيغۇر ياشايدىغان (بۇ مەلۇمات خاتا-ت) شەرقىي تۈركىستاننى

باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بۇيان كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «بۆلگۈنچىلىك» كەيپىياتى ئۇ يەردە ئۇزاق داۋاملاشتى. يەرلىك خەلق بەزىدە بېيجىڭنىڭ نوپۇزىغا ۋە خىتاي كۆپ سانلىقلىرىنىڭ سىمۋوللىرىغا قارشى جان ئالغۇچ ھۇجۇملارغىمۇ ئۆتتى.

ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق ھۇجۇم داۋامىدا شىنجاڭ يىغىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 2014-يىلى شى جىنپىڭنىڭ رايونغا قىلغان زىيارىتىدىن ئاز مۇددەت كېيىن يۈز بەرگەن بومبا پارتلىتىش ۋە پىچاقلاش ھۇجۇمى؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئايدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن، 31 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بومبا ھۇجۇمى قاتارلىقلار شۇ يىلىدىكى شىنجاڭ يىغىنىدىن ئازلا ۋاقىت ئىلگىرى يۈز بەردى.

شى جىنپىڭ 2014-يىلىدىكى قۇرۇلتاي يىغىنىدا شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورىزىم ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق باستۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان قارشىلىقلارنى قاتتىق باستۇرۇپ كەلدى.

2017-يىلىدىن ئېتىبارەن يەرلىك دائىرىلەرنىڭ پۈتۈنلەي رەقەملىك كۆزىتىش سىستېمىسىنى كېڭەيتىش، زور كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى قۇرۇش ۋە ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق، باستۇرۇش ھەرىكىتىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. دائىرىلەر يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىنى، مەھەللىلىرىنى ۋە مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەبرىستان، مازارلىقلىرىنى چېقىشقا ئەھمىيەت بەردى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە غەرب ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ بۇ خىل ئىستراتېگىيىسىنى ئەيىبلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلىدى، ئەھۋالنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى بولسا ھەر قانداق تۈردىكى ھەق-ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىلغانلىقىنى رەت قىلدى. رايوندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىشتىكى ياخشى نىيەت تىرىشچانلىق قىلىپ تەسۋىرلىدى. ئۇلار يەنە رايوندا مۇقىملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە غەلىبە قىلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئۈچ يىلدىن كۆپراق ۋاقىتتا زوراۋان تېرورچىلىق قىلمىشىنىڭ سادىر بولمىغىنىنى بايان قىلدى.

بۇ ھەپتە ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى ئىككى پارچە ئانالىز دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەتمىش پىرسەنتكە يېقىن مەسجىدنى چېقىۋەتكەن ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، شۇنداقلا ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدە رايوندىكى لاگېرلارنىڭ دائىرىسىنى داۋاملىق تۈردە كېڭەيتكەن.

خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇ تۈردىكى بايانلارنى تۆھمەت دەپ رەت قىلدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى ئىلگىرىمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى قىسمەن مەبلەغ بىلەن

تەمىنلەيدىغان بۇ تەتقىقات ئورنىنى خىتاي ھەققىدە توقۇلما ئانالىزلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش بىلەن ئەيىبلىگەن ئىدى. بۇ ئورگاننىڭ تەتقىقاتچىلىرى بولسا بۇ ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلغان ئىدى.

شى جىنپىڭ يىغىندا بۇ خىلدىكى ئىجرائاتلار توغرۇلۇق توختالمىدى، ياكى 2014-يىل قىلغىنىغا ئوخشاش شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە تېرروررچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ پەيىنى قۇرۇتۇشقا چاقىرمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي يۈكسىلىش، كىرىمنىڭ ئېشىشى، نامراتلىقنىڭ ئازىيىشى قاتارلىق جەھەتلەردە 2014-يىلىدىن بېرى زور ئىلگىرىلەش بولغىنىنى تىلغا ئالدى.

شى جىنپىڭ شىنجاڭنىڭ 2014-يىلىدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىشى نىسبىتى 7.2% بولغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا بۇنىڭ 200 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولىدىغانلىقىنى، بۇ مەزگىلدە 2.9 مىليون يەرلىك ئاممىنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلغىنىنى» تىلغا ئالدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: «يىغىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي مۇقىملىق، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاش ۋە ئىشلەش مەنزىرىسى شەكىللەندى.» «ئەمەلىيەت بىزنىڭ مىللەت سىياسىتى جەھەتتە غەلىبە قازانغانلىقىمىزنى يېتەرلىك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى.»

شى جىنپىڭ شىنجاڭ ھەققىدىكى ئىشلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تەنقىد قىلىنىشىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ «شىنجاڭ ھەققىدە ياخشى ئوبراز تىكلەش»، رايوندىكى تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى «ساداقەت بىلەن بايان قىلىش» لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى.

شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كىملىكىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى كۈچلۈك تىرىشچانلىقى بىلەن تونۇلغان. ئۇ ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش، مەنىۋىي پائالىيەتلەرگە پارتىيىنى ياقلايدىغان ئۇقۇملارنى سىڭدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ داۋاملىشىشى كېرەكلىكىنى تىلغا ئالدى.

شى جىنپىڭنىڭ نەزىرىدە بۇنىڭدىكى مەقسەت «خىتاي مىللىتىنىڭ ئورتاق ئېڭىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقۇزۇش»نى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

مەنبە:
https://www.wsj.com/articles/xi-says-china-will-continue-efforts-to-assimilate-muslims-in-xinjiang-11601133450

ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى



# ئوقۇشتىكى ماھارەت

# كىتاب ئوقۇش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش يوللىرى

ھۇلىيا كۈچۈكئوغلى


## قىسقىچە مەزمۇنى

تەتقىقاتچىلار ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئوقۇش ماھارىتىنى ئۆگىتىشنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ھالبۇكى، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇپ چۈشىنىش ماھارىتىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىش ئاساسى ئاجىز. شۇڭلاشقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئوقۇپ چۈشىنىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشى ۋە بۇنى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆگىتىشى زۆرۈر. مانا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى، بۇ ماقالە تىل دەرسلىرىدە ئوقۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئوقۇش ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئومۇمىي ماھارەت كۇرسىدىكى ئون تۆت ئوقۇغۇچىغا قوللىنىلغان تەتقىقاتتۇر. ماقالە ئاساسلىقى كىتاب ئوقۇش ماھارىتى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىدۇ.


## 1. مۇقەددىمە

كىتاب ئوقۇش ھەم مەكتەپتە، ھەم كىشىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ھەمراھ بولىدىغان ئۆمۈرلۈك ماھارەتتۇر. ئاندېرسون، خېبېرت، سكوت ۋە ۋىلكىنسوننىڭ سۆزىگە ئاساسەن، كىتاب ئوقۇش ھاياتتىكى ئاساسىي ماھارەتتۇر. بۇ پەرزەنتنىڭ مەكتەپتە، شۇنداقلا پۈتكۈل ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇش ئىقتىدارى ياخشى بولمىسا، كىشى ئۆز غايىسىگە يېتىشتىن ۋە خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ (1985). كىتاب ئوقۇش ماھارىتى مۇھىم بولۇپلا قالماي، مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تەلەپ بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىپ بارىدۇ (Snow, Burns &Griffin, 1998). ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇشتىكى مەقسەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئەڭ ياخشى پايدىلانماقچى بولسا، ئۇلار تەنقىدىي رەۋىشتە ئوقۇشنى ۋە تەھلىل ئاساسىدا ئوقۇشنى ئۆگىنىشى كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىز بىر نەرسە ئوقۇغاندا، ئوقۇشتىكى مەقسەت ماقالىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش بولۇشى كېرەك. كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇغان چېغىمىزدا بىز كۆرەلەيدىغان ۋە كۆرەلمەيدىغان ئىككى تۈرلۈك رېئاللىققا دۇچ كېلىمىز. شۇڭلاشقا ، ئوقۇشتىكى مەقسەت كۆرۈنمەس قەۋەتنى، ئاساسىي مەنىنى ئېنىق چۈشىنىشتىن ئىبارەت. تېلى (Teele) بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەقستى ئۆزلىرى ئوقۇغانلىرىنى چۈشىنىش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (2004 ـ يىل، 92 ـ بەت). تەتقىقاتلار ياخشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ـ ماقالىنىڭ تېكىستىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ

بەردى. ئۇلار ئوقۇغانلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرى قوللانغان ئۇسۇللارنى بىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئالدىن پەرەز قىلىش، چاتما تەسەۋۋۇر قىلىش، كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇش، يەكۈنلەش، سوئال قويۇش ۋە خۇلاسە قىلىش قاتارلىقلار كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇپ چۈشىنىشنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىدىغان، تەتقىقات ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ئۇسۇللاردۇر. (Block & Israel, 2005)

## 1.1 پەرەز قىلىش

ياخشى ئوقۇرمەن بولۇش ئۈچۈن، ئۆگەنگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش نىشانىنى بەلگىلىشى كېرەك. شۇڭلاشقا، ياخشى ئوقۇرمەنلەر ئوقۇغان نەرسىلىرىنى بىرەر مەقسەت بىلەن ئوقۇيدۇ. چۈشىنىشنى ياخشىلاشتىكى ئۇسۇللاردىن بىرى ئالدىن پەرەز قىلىش بولۇپ، بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشىدا بىرە مەقسەت بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. تەتقىقات شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياخشى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋە بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرى ئوقۇغانلىرى توغرىسىدا ئالدىن پەرەز قىلىدۇ ۋە ئىدىيە شەكىللەندۈرىدۇ. (Block & Israel, 2005) بۇ ئۇسۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىشىگە شارائىت هازىرلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تېكىستكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدۇ (Oczkus, 2003). ئەمەلىي تېكىستتىكى نەتىجىنى ئالدىن پەرەز قىلىش جەريانى بىلەن سېلىشتۇرۇش تولىمۇ مۇهىم، چۈنكى ئۇ ئۆگەنگۈچىنىڭ چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
چۈشىنىش (Duke & Pearson, 2005). پەرەز قىلىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى نىڭ كۆرنەك كۆرسىتىش، تېكىستكە بىنائەن تەخمىن قىلىش، پۈتكۈل تېكىستتە هەمكارلىشىش، گرافىك ئارقىلىق تەشكىللەش ياكى قولايلاشتۇرغۇچى ۋاراقچە ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ. تېما، مۇندەرىجە، رەسىم ۋە ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىش پەرەز قىلىش ئۇسۇللىرىدىن هېسابلىنىدۇ. يەنە بىر مۇهىم ئالدىن پەرەز قىلىش ئۇسۇلى بولسا ئوقۇغۇچىلارنى تېكىست ئارقىلىق كونكرېت نۇقتىلاردا ئالدىن پەرەز قىلدۇرۇش، پەرەزگە باها بەرگۈزۈش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئالدىن پەرەزنى تۈزىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت (Teele, 2004).

## 1.2 كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇش

ياخشى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېكىستنى چۈشىنىشتە قوللىنىدىغان يەنە بىر ئۇسۇلى كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇشتۇر. (Adler, 2001) كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇش ئوقۇرمەنلەردىن ئوقۇلغان رەسىمنىڭ ياسىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى هېكايىدىكى تەگشەك، پېرسوناژ ۋە هەرىكەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىلهاملاندۇرسا بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلاردىن تېكىستتىكى مەزمۇننى كۆز ئالدىدا جانلاندۇرغىنىدىن كېيىن شۇ هەقتە كاللىسىدا پەيدا بولغان مەنزىرىنى رەسىم شەكلىدە ئىپادىلەشنى ياكى ئۇ مەنزىرە توغرۇلۇق يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

## 1.3 مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش

مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش ئوقۇش جەريانىدا قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر ئۇسۇلدۇر. مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆگەنگۈچىلەر ئىلگىرىكى بىلىملىرىنى ئاكتىپچانلاشتۇرالايدۇ ۋە تېكىستتىكى ئىدىيەلەرنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن باغلىيالايدۇ. ئوقۇرمەن تېكىستتىكى ئىدىيەلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئېتىقادى ۋە تاشقى دۇنيادا يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرگەندە ئوقۇش ئۆز ئەھمىيىتىنى تاپىدۇ. ئوقۇغۇچىلار رەسىم سىزىش، گرافىك سىزىش ياكى يېزىش ئارقىلىق تېكىست بىلەن ئۆزىنى باغلىيالايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىستتىكى ۋەقەلەرگە ئوخشاش كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان باقمىغانلىقىنى سورىسا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار رەسىم سىزىش، جەدۋەللەشتۈرۈش، يېزىش ۋە گرافىك شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق تېكىست بىلەن تېكىستنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. بۇ خىلدىكى تېكىست بىلەن تېكىستنى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆز-ئارا قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى، ياكى ھېكايىدىكى ئېلېمېنتلارنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلسا بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار رەسىم سىزىش، جەدۋەل تۈزۈش، يېزىش ياكى گرافىك تۈزۈش ئارقىلىق تېكىست بىلەن رېئال دۇنيانى مۇناسىۋەتلەشتۈرەلەيدۇ. تېكىست بىلەن رېئال دۇنيانى باغلاش ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنى كۈنىمىزدىكى پېرسوناژلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ياكى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى بۈگۈنكى دۇنيا بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.(Teele, 2004)

## 1.4 خۇلاسىلەش

خۇلاسىلەش جەريانى ئوقۇرمەنلەردىن ئوقۇش جەريانىدا نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىقلاشنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزى ئوقۇغان مەزمۇندىكى ئۇچۇرنى ئۆز سۆزىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. (ئادلېر، 2001) خۇلاسىلەش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىق ئىدىيەلەرنى قوللىغۇچى ئىدىيەلەردىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى مۇناسىۋەتسىزلەردىن پەرقلەندۈرۈش خۇلاسە جەريانىدىكى يەنە بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن خەتەرلىك دەپ قارالغان ئۇزۇن-ئۇزۇن ئوقۇشلۇق بۆلەكلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

## 1.5. سوئال سوراش

ئوقۇرمەنلەر ئوقۇشتىن ئاۋۋال، ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سوئال سوراش ئۇسۇلىنى قوللىنالايدۇ. سوئال سوراش جەريانى ئوقۇرمەنلەردىن مەنە شەكىللەندۈرۈش، چۈشىنىشنى كۈچەيتىش، جاۋاب تېپىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ۋە يېڭى ئۇچۇرلارنى بايقاش ئۈچۈن ئۆزىدىن سوئال سوراشنى تەلەپ قىلىدۇ. (Harvey & Goudvis, 2000) بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا تېكىستكە قايتىپ، ئوقۇشتىن ئىلگىرى، ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى سورىغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى تاپالايدۇ. بۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيەت، يەكۈنلەنگەن ياكى سوئاللارنى پەرقلەندۈرۈشنى مەشىق قىلىدۇ.(NRP, 2000)

## 1.6. يەكۈن چىقىرىش

خۇلاسە چىقىرىش قۇرلار ئارىسىدىكى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز بىلىمىنى ۋە دەرستىن ئېرىشكەن ئۇچۇرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز خۇلاسىسىنى چىقىرىشى كېرەك بولىدۇ. (Serafini, 2004) يەكۈن چىقىرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ، مەركىزىي نۇقتىنى پەرقلەندۈرىدۇ، تېكستتىن مەنە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇرلارنى ئىشقا سالالايدۇ ۋە مەنە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن رەسىملەرنى قوللىنىدۇ. (Harvey & Goudvis, 2000) ئوقۇغۇچىلارغا تېكىستتىن خۇلاسە چىقارماق ئۈچۈن كىرىشتۈرۈلگەن رەسىم، گرافىك، سۈرەت، چېسلا، مۇناسىۋەتلىك كەلىمە قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش چارىلىرىغا بېرىلسە بولىدۇ.

## 2. ھەرىكەت تەتقىقاتى سوئالى

بۇ تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇپ چۈشىنىشنى ياخشىلاشتۇر. ئۇستاز تەتقىقاتچىنىڭ قارىشىچە، ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇش ئۇسۇلى توغرۇلۇق پۇختا ئاساس بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش يىللاردا ۋە ئۆمۈر بويىچە بۇنىڭ دەردىنى تارتىدۇ. تەتقىقاتچى ئوقۇپ چۈشىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش ئېڭى تەمىنلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئوقۇش تەجرىبىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات سوئالى «ئوقۇش ئۇسۇلى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرەمدۇ؟»دىن ئىبارەت. بۇ تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىنى تەھلىل قىلىشتۇر.

## 3. مېتود

ئوقۇش ئىقتىدارى ئىلمىي ئۆگىنىشتىكى ۋە مەكتەپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ نېگىزلىك ماھارەت. ئامېرىكادا ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، ماھارەتلىك ئوقۇش ئىقتىدارى كىشىنىڭ شەخسىي ۋە كەسپىي ھاياتىدا قانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن (Block & Israel, 2005). بۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ھەرىكەت تەتقىقاتىنى قارار قىلدىم. برووُن ۋە دوۋلىڭ غا (2001) كۆرە، ھەرىكەت تەتقىقاتى ئاتالغۇلار ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماقچى بولغان تۈرلەرگە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئادەتتە مەكتەپ مۇھىتىدا ھەرىكەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. كورېي (1953) ھەرىكەت تەتقىقاتىنىڭ قىممىتى كەڭ تاماشىبىنلارغا ئومۇملاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى كۈندىلىك ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتە دەپ قارىدى. ھەرىكەت تەتقىقاتى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدۇر. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىن بولغان ئەمەلىي ئەندىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشكە يول قويىدۇ. ھەرىكەت تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مەكتەپلەردە يولۇققان ھەقىقىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشتۇر. ھەرىكەت تەتقىقاتى جەريانى

ماتارىپچىلارغا ئېھتىياجنى پەرەز قىلىش، تەكشۈرۈش باسقۇچلىرىنى خاتىرىلەش، سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىش ۋە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغان قارارلارنى چىقىرىش جەھەتلەردە ياردەم بېرىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرىكەت تەتقىقاتىنىڭ باسقۇچلىرى «پىلانلاش»، «ھەرىكەتكە ئۆتۈش»، «كۆزىتىش» ۋە «ئويلىنىش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (McNiff, 1988: 22)

تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى ئۇسۇلنى قوللانغانلىقى ۋە ئۇ ئۇسۇلنىڭ تېكىستكە قانداق مەنىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلغاندا چۈشىنىشنى ياخشىلىيالايدۇ.

## 3.1. سانلىق مەلۇمات توپلاش ئەسۋابى ۋە تەتقىقات جەريانى

بۇ تەتقىقات تۈرىنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ئىگىنىڭ سەۋىيىسىنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشتۇر. تەتقىقات ئوقۇتقۇچىسى ئالدىن پەرەز قىلىش ، مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، يەكۈنلەش، سوئال سوراش ۋە خۇلاسە قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئالتە خىل ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۈچ ھەپتە مەشىق قىلىنغان. ئالدى بىلەن، تەتقىقات ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئۇسۇللاردىن خەۋىرى بار يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن «ئوقۇش ئىگىنى تەكشۈرۈش» نى قوللانغان. تەتقىقات نەتىجىسى 14 ئوقۇغۇچىنىڭ توققۇزىنىڭ بۇ ئۇسۇللاردىن خەۋىرى يوقلىقىنى كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن بۇ ئىستراتېگىيىلەرنى تەتقىقات ئوقۇتقۇچىسى ئۆلگە قىلىپ كۆرسەتتى. ئىككىنچى قەدەمدە بۇ ئۇسۇللار پۈتۈن سىنىپ، ئاندىن كىچىك گۇرۇپپىلار ، ئاخىرىدا يەككە شەخس ھالىتىدە قوللىنىلدى. ئوقۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەتقىقات ئوقۇتقۇچىسى «چۈشىنىش ئىستراتېگىيىسى كۆرسەتكۈچى» (MSI) ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىكى چۈشەنچىسىنى ئۆزگەرتكەن ـ ئۆزگەرتمىگەنلىكىنى تەكشۈردى. بۇ كۆرسەتكۈچ ئوقۇشتىن ئىلگىرى، ئوقۇش جەريانىدا ۋە ئوقۇشتىن كېيىن قوللىنىلغان ئوقۇش ئۇسۇلىنى پىششىق بىلىشتىكى قورال ھېسابلىنىدۇ.

ئارقىدىن، تەتقىقات ئوقۇتقۇچىسى «يېرىم شار» دەرسلىك كىتابىدىن تۆت ھەپتە ئوقۇش تېكىستىنى مەشىق قىلدى.

## 4. نەتىجە ۋە خۇلاسە

ئوقۇش ئىگى كۆلىمىنىڭ نەتىجىسى ۋە شەخسىي كەچۈرمىشلىرىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەتقىقات باشلانغان مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلىرىمدا ئوقۇش ئۇسۇلى جەھەتتە بىلىم كەمچىل ئىدى. ئوقۇغۇچىلاردا ئوقۇش ئۇسۇلى ھەققىدە بىلىم ۋە ئەمەلىيەت كەمچىل ئىدى. ئەمما ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ياخشى ئىلگىرىلەش ھاسىل بولدى. تەتقىقاتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، دەرسخانىدا بۇ ئۇسۇلنى قانداق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بەزى ئەندىشىلىرىم بار ئىدى. ئوقۇش ئۇسۇلى سان جەھەتتە ئوقۇغۇچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى يەنە بىر مەسىلە، بۇ ئوقۇپ چۈشىنىش ئۇسۇللىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى ھېسابلانغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىش ئۇسۇلىنى ئۆز ئالدىغا قوللىنىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدۇر. مەن بۇ ئەھۋالنى يېڭىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر بىر باسقۇچتا يېتەكلەش ۋە نازارەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بولۇپمۇ سوئال سوراش، يەكۈنلەش ۋە خۇلاسە

چېقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا شۇنداق قىلدىم. ئىنچىكە ئۆگىنىشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ياخشىلىنىشىنى ھېس قىلدىم. بۇ تەتقىقات ئوقۇغۇچىلىرىم ۋە مەن ئۈچۈن خېلى پايدىلىق بولدى. ھەرىكەت تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى ماڭا ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى دەرسلىكىمگە قانداق بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئوقۇغۇچىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندى، ئۇلارنىڭ ئوقۇشتىكى چۈشەنچىسى ياخشىلاندى. ھەرىكەت تەتقىقاتى ئۈنۈملۈك تەجرىبە بولدى. ھازىر مەن ئوقۇپ چۈشىنىش ئۇسۇلىغا بولغان چۈشەنچەمنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ئۇسۇللارنى دەرسلىرىمدە داۋاملىق قوللىنىشنى خالايمەن.

## 4.1. تەسىرلىرى

تۆزىتىلگەندىن كېيىنكى ئوقۇش ئۇسۇلىنىڭ كەلگۈسى تەتقىقاتى بەلكىم تېخىمۇ چوڭ ئىختىيارى ئەۋرىشكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەپتىلىك ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى خاتىرىلەش، شۇنداقلا ئۇلار كۆپ ئىشلەتكەن ئوقۇش ئۇسۇلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تەتقىقاتچىلار تەكشۈرۈش جەدۋىلى دېگەندەك ئوخشىمىغان ۋاستىدىن پايدىلانسا بولىدۇ. باشقا تەتقىقاتچىلار يەنە قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش پەرقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى ئويىدا بولۇشى مۇمكىن. ئىنگلىزچە سەۋىيىسى ھەر خىل بولغان تەييارلىق مەكتەپ گۇرۇپپىلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنگلىزچە سەۋىيىسى جەھەتتە سىناق ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېلىپ چىققان ئوخشىماسلىقلار جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ تەتقىقات ئوخشىمىغان ئىككى تەتقىقاتچى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان ئىككى گۇرۇپپا ئۈچۈن قوللىنىلسا، نەتىجىسى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرما قىلىنسا بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمىسى


مەنبە:

https://www.researchgate.net/publication/257718591_Improving_Reading_Skills_Through_Effective_Reading_Strategies



# ئەركىن سىدىق ۋە كەۋكىس خانىم

# ئەركىن سىدىق بىلەن كەڭگېس خانىم

مەن 2005 ـ ۋە 2006 ـ يىللىرى بىلىۋال توری بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىككى قىسىملىق يازما سۆھبەت ۋە ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى، دۇنيادا قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە قانداق ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئۇ تەتقىقاتلارنىڭ يەكۈنى نېمە ئىكەنلىكى، ھازىر غەرب ئەللىرىدە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئەمەلىيىتى قانداق ئىكەنلىكى ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ بىلەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دېموكراتىك ئەللەر قوللىنىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەرنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلىدىم. ھەمدە 2007 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزۈم توپلىغان ئۇچۇرلار ئاساسىدا ئۇيغۇرچە ماقالە يېزىپ، ئۇلارنى ۋەتەندىكى تورلاردا ئېلان قىلدىم.

ئاشۇ جەرياندا مەن قوش تىللىق مائارىپى، يەرلىك مىللەت مائارىپى ۋە ئانا تىل، شۇنداقلا تىل جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ساھەدە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەردىن بىر قانچىسى بىلەن تونۇشتۇم. بۇ ساھەدە دۇنيا بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى كەڭگېس خانىم بولۇپ، مەن دەسلەپتە ئۇنىڭ بىر قانچە كىتابىنى سېتىۋېلىپ ياكى توردىن چۈشۈرۈۋېلىپ ئوقۇدۇم. ئاندىن كەڭگېس خانىمنىڭ ئۆزى بىلەن خەت ئارقىلىق تونۇشۇپ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە سورىدىم. كەڭگېس خانىم يالغۇز ياۋروپادىكى ئىككى نوپۇزلۇق ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ب د ت نىڭ يەرلىك مىللەت مائارىپى ساھەسىدىكى مەسلىھەتچىسى ئىكەن. ئۇ خانىم مەن ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا قاراپ ماڭغانلىق مەسىلىسىنى چۈشەندى. ئۇ ماڭا «مەن بۇنىڭدىن كېيىن يازىدىغان ئىلمىي ماقالىلىرىم، نەشر قىلدۇرىدىغان كىتابلىرى ۋە سۆزلەيدىغان دوكلاتلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى تىلغا ئالىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپ، بۇ ۋەدىسىنى ئىزچىل تۈردە ئورۇنداپ كەلدى.

كەڭگېس خانىم 2013 ـ يىلى ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس رايونىدىكى بىر چوڭ خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا كېلىپ، «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمان نۇتۇقچى» سۈپىتىدە ئىككى سائەتلىك ئىلمىي دوكلات بەردى. ئۇ كۈنى مەن ئىشتىن رۇخسەت سوراپ، 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق ماشىنا ھەيدەپ، يىغىن مەيدانىغا كەڭگېس خانىمغا بىر كۈن ھەمراھ بولدۇم. ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتىم. كەڭگېس خانىم شۇ قېتىمقى دوكلاتتا ئىشلەتكەن 130 بەتلىك «پوۋېر پوينت» ھۆججىتىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ماڭا بەردى. ئۇ ھۆججەت مەندە ھازىرمۇ بار. كەڭگېس خانىم داۋاملىق ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ، شۇ

دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدىكەن. ھەمدە شۇ دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە دوكلات سۆزلەيدىكەن. بىز 2013-يىلى كۆرۈشكەندە كەڭگىس خانىم ماڭا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا بېرىپ، قوش تىل مائارىپىنىڭ قاندا ق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئەمەلدارلىرىغا بىۋاسىتە مەسلىھەت بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئەگەر ئۇيغۇر دىيارى ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىسەڭ، مەن خىزمىتىمدىن سوراپ، ئۆز چىقىمىم بىلەن ئۇيغۇر دىيارىغا ئۇ خانىم بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈم تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. گەرچە مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى مائارىپچى تونۇشلىرىم ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ باققان بولسامۇ، بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىدى. لېكىن مەن كەڭگىس خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى تاكى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

كەڭگىس خانىم 2015-يىلى 10-ئايدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ، شاڭخەي ۋە نەنجىڭدىكى مائارىپ ئورۇنلىرى ۋە بىر قانچە ئالىي مەكتەپلەردە ئىلمىي دوكلات سۆزلىدى. مەن بۇ ئىشتىن شۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى تور ئۇچۇرى ئارقىلىق خەۋەردار قىلىپ، ئۇلاردىن ئامال بار كەڭگىس خانىمنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلاشنى ئۆتۈندۈم. ئەمما، كەڭگىس خانىمدىن كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ دوكلات بەرگەن سورۇنلارغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار كىرمەپتۇ. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى دائىرىلەر چەكلىدىمۇ، ياكى بۇنىڭ باشقا سەۋەبى بارمۇ، ئۇنى بىلەلمىدۇق. ئەمما ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنى ئېنىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كەڭگىس خانىمنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ خىتايچە يېزىلغان كۈنتەرتىپلىرىنى تورلارغا يوللاپ قويغان ئىدى. كەڭگىس خانىمنىڭ دېيىشىچە ئۆزى ئۇچراشقان جۇڭگودىكى رەھبەرلەر ئۇنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى كۆز-قاراشلىرى ۋە تەكلىپلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەپتۇ.

2013-يىل ئاخىرىدا خىتايدىكى جياخىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىنىڭ ۋاڭ يىڭ ئىسىملىك بىر خىتاي پروفېسسورى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە خەلقئارادىكى داڭلىق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «International Journal of Bilingual Education and Bilingualism» دېگەن ژۇرنالغا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يوللاپتۇ. كەڭگىس خانىم مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باھالاپ تەستىقلىغۇچى مۇھەررىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان بۇ ماقالىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ. ئەمما ماقالىنىڭ سۈپىتى بەكلا ناچار بولغاچقا، ئۇ ماڭا ئەھۋالنى دەپ «ئەگەر بۇ ماقالىگە سەن 1-ئاپتور بولۇپ، ئۇنى قايتىدىن يېزىپ چىقساڭ، ئاندىن بىز ئۇ ماقالىنى ژۇرنالغا باسساق بولىدۇ. سىلەرگە مەنمۇ يېقىندىن ياردەم قىلىمەن» دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ھەممە نەچچە ئاي ۋاقىت چىقىرىپ، نۇرغۇن خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە مەنبەلەردىن ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلاپ، شۇ ئاساستا ماقالىنى قايتىدىن يېزىپ چىقتىم. ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئانا تىلغا ئائىت خەلقئارالىق قانۇن-پەرمانلار، ھەمدە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇش ئەھۋاللىرىنىمۇ ماقالىگە كىرگۈزدۈم. مەقسىتىم مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دۇنياغا ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە ئەڭ

يۇقىرى دەرىجىدە تولۇق مەلۇمات بېرىپ، خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بىر مۇھىم مەنبە بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ماقالىدا مەن «مۇستەقىل تەتقىقاتچى» دەپ تونۇشتۇرۇلدۇم، ھەمدە كەڭگېس خانىمنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئادرېسىم ئۆچۈن كەڭگېس خانىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئىشلەتتىم.

ماقالە پۈتۈپ، كەڭگېس خانىم ئۇنى قوبۇل قىلىپ بولۇپ، ژۇرنالغا باسىدىغانغا بىر-ئىككى ئايدەك ۋاقىت قالغاندا، ۋاڭ پېڭ كەڭگېس خانىم بىلەن ئىككىمىزگە مۇنداق بىر ئىشنى دېدى. ئۇ ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەن. كەلگەن دوستلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر يىغىلىشتا مېنىڭ گېپىم چىقىپ، باشقىلار ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەركىن سىدىق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىدىكى ئادەم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماقالە ئېلان قىلساڭ سەن چوقۇم خىزمىتىڭدىن قوغلىنىسەن.» شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ پېڭ ماقالىدىن مېنىڭ ئىسمىمنى ئۆچۈرۈۋېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كەڭگاس خانىم مەندىن «قارارنى سەن چىقار، قانداق قارار ئالساڭ شۇ بويىچە بولسۇن» دېدى. مەن ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بۇ ئىلمىي ماقالىنى خەلقئارا سەھنىگە چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئىسمىمنى ئېلىۋېتىپ ئېلان قىلىش تەكلىپىنى بەردىم. ھەمدە ماقالىنىڭ ئەڭ ئاستىدا ۋاڭ پېڭ كەڭگېس خانىم بىلەن ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرسۇن دېدىم. ۋاڭ پېڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى، ئەمما يەنە «ئەركىن سىدىق» دېگەن ئىسمىنى ئىشلەتسەك بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز ئىسمىم بىلەن ئوخشاش باش ھەرىپ بىلەن باشلىنىدىغان ئىنگلىزچە ئىسىمدىن بىرنى ئىشلەتتىم: «ئېرىك سىمىس». مىننەتدارلىق سۆزى ماقالىگە مۇنداق يېزىلدى:

«مەن ئېرىك سىمىس (ئەركىن سىدىق) ۋە تۇۋ كەڭگېسنىڭ پايدىلىق مۇلاھىزە، تەكلىپ - پىكىر ۋە بۇ ماقالىنى تەھرىرلىگەنلىكى ئۈچۈن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.»

شۇنداق قىلىپ مەزكۇر ماقالە يۇقىرىقى ژۇرنالنىڭ 2014 - يىلى 11 - ئايدىكى سانىغا بېسىلدى.

ھازىر مەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر دوستۇم بىلەن بىرلىكتە كەڭگېس خانىم يارىتىپ بەرگەن يەنە بىر پۇرسەت ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت يەنە بىر تەتقىقات تۈرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمەن. مەزكۇر تۈر تاماملانغاندىن كېيىن قېرىنداشلارنى بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەردار قىلىمەن.

—— ئەركىن سىدىق



# شان روبېرتس

## «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش»

مۇھەممەد ئۇيغۇر

## شان روبېرتس ۋە ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابى توغرىسىدا

**ئاپتور ھەققىدە**

«ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شان روبېرتس (Sean R. Roberts) ئامېرىكا جورج ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئېللىئوت خەلقئارا ئىشلار ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارا ئىشلار ئەمەلىيىتى دوتسېنتى ۋە خەلقئارا تەرەققىيات تەتقىقات پروگراممىسىنىڭ مۇدىرى.

شان روبېرتس ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خىتايدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېتنوگرافىيەلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ھەر قايسى ئىلمىي ژۇرناللار ۋە كىتابلاردا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. بۇ جەرياندا شان روبېرتسنىڭ 1996-يىلى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلىپ ئىشلىگەن «ئۇيغۇرىستاننى كۈتۈش» (Waiting for Uyghurstan) دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمى بار.

شان روبېرتس 1998-يىلدىن 2000-يىلغىچە ۋە 2002-يىلدىن 2006-يىلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامېرىكا خەلقئارا تەرەققىيات ئورگىنىدا (USAID) دېموكراتىيە ۋە باشقۇرۇش پروگراممىسىدا ئىشلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا پۇقرالار جەمئىيىتى تەرەققىياتى، سىياسىي پارتىيە ياردىمى، مەھەللىلەر تەرەققىياتى، مۇستەقىل ئاخباراتنى كۈچەيتىش ۋە سايلامغا ياردەم قاتارلىق تۈرلەرنى لايىھەلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

شان روبېرتس 2003-يىلى لوس-ئانجېلىستىكى جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە 2006-يىلدىن 2008-يىلغىچە جورجتوۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرى بويىچە دوكتور ئاشتىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ھازىرقى تەتقىقات يۆنىلىشى خىتاي ئىشغالىدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى دېموكراتىيە تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتكەنكى

ئون يىللاردىكى ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشىدىن بىرى ئۇيغۇرلار ۋە تېررورىزم مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېررورىزم باھانىسى بىلەن باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» (The War on the Uyghurs) دېگەن كىتابى 2020 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئامېرىكىدا پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن ۋە ياۋروپادا ئەنگلىيەدىكى مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىندى.

## «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

بىز بۇ كىتاب ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىشتىن بۇرۇن، پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ كىتاب ھەققىدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈشكە نەزەر ئاغدۇرايلى:

«2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر كۈنى نيۇ ـ يورك ۋە ۋاشىنگتونغا قىلىنغان تېررور ھۇجۇمىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپلا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت بولغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېغىر تېررورلۇق تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىدى. بۇ پارتلاش خاراكتېرلىك كىتابتا ئاپتور شان روبېرتس خىتاينىڭ ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشنى ئۇيغۇرلارنى كونسېرى رەھمسىزلەرچە باستۇرۇشنىڭ خەلقئارالىق يوپۇقى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئېنىقلانمىغان دۈشمەننى نىشان قىلغان بۇ ئۇرۇشنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئۆكتىچىلەرنى قاتتىق باستۇرۇشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.»

بۈگۈنكى كۈندە خىتايدا ياشايدىغان 11 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئاتالمىش «تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تۇتۇپ تۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش پروگراممىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرىدۇر. روبېرتس خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق تولۇق دەلىل ـ ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇرلارنى دۇنيا تېررورلۇق ئۇرۇشىغا قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چېتىپ ئەكىرگەنلىكىنى، ھەمدە ئۇلارنى بازا تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىسى بار خەتەرلىك تېررورلۇق تەھدىتى دەپ جاكارلىغانلىقىنى بايان

قىلىدۇ. ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى نارازىلىقىنى خەلقئارا تېرورلۇق دەپ قايتا رامكىغا ئېلىشىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى سىستېمىلىق ھالدا يوقىتىش ئۈچۈن باھانە ۋە تۈرتكە بولغانلىقى، ئاتاقتىكى «ئۇيغۇر قورالىلىقلىرىنىڭ تەھدىتى» پەقەت خىتاينىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە 10 يىلدىن ئارتۇق باستۇرۇش ئېلىپ بارغىنىدىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى، نەتىجىدە بۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشىنى ئاقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» - خىتاينىڭ سىزنىڭ بىلىشىڭىزنى خالىمايدىغان ئىنسانىيەت پاجىئەسىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بىر ھېكايىسى. بۇ كىتاب شان روبېرتسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان تەپسىلىي زىيارىتىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

تۆۋەندە كىتابنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى ھەر بىر بابلار بويىچە قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتىمىز:

بۇ كىتاب مۇقەددىمە ۋە خۇلاسىدىن باشقا جەمئىي 6 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش بويىچە سابىق ئالاھىدە ۋەكىلى، رىۋاندا ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيە خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ سابىق سوتچىسى بېن ئېممېرسون (Ben Emmerson) دېگەن كىشى كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. بېن ئېممېرسون كىرىش سۆزىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە دۇنيادىن يوقىتىپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ كىرىش سۆزىدە يەنە ئۆزىنىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ۋە تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئالاھىدە ۋەكىلى بولۇپ ئىشلىگەن ئالتە يىل جەريانىدا دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقى، ئەمما ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ خىتايغا ئوخشاش تېرورىزمغا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ پۈتۈن بىر مىللەتنى ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە دىنى ئېتىقادى سەۋەبىدىنلا پۈتۈن-سۈرۈك باستۇرغان ياكى يىغىۋېلىش لاگېرىغا سولىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېرلاردىن سىرت ئۇيغۇرلار ئۈستىدە بولۇۋاتقان قىيناش، مەجبۇرىي تۇغۇتتىن چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش، ئىچكى ئەزالارنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىش، قەبرىستانلىقلارنى چېقىپ تاشلاش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ تىزىپ، بۇ جىنايەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ روشەن ئىپادىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھەمدە ئىنسانىيلىققا قارشى جىنايەت كاتېگورىيەسىگە تامامەن چۈشىدىغانلىقىنى، ھەتتا

ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىشقا ئائىت ئىپادىلەر بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى بۇ ھەقتە جىددىي ھەرىكەت ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

بېن ئېمېرسون كىرىش سۆزىدە شان روبېرتسىنىڭ بۇ كىتابىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىتابنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى يالغان تەشۋىقاتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلار تارتىۋاتقان زۇلۇمنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى روشەن بايان قىلغانلىقىنى، بۇ كىتابنىڭ خەلقئارادىكى سىياسەت تۈزگۈچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. (ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، بېن ئېمېرسۇن ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھال خەلقئارادىكى بۈنچىلىك نوپۇزدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ.)

شان روبېرتس كىتابىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2017-يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى زور كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى بايان قىلىش بىلەن باشلاپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بىر ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنىڭ يېڭى بىر خىل ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكى ۋە 2001-يىلى 11-سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىنكى «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ھەرىكىتى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇشقا بىر باھانە يارىتىپ بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق بىر خەلق ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىدىن كېيىن ئاپتور تېررورىزمنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەققىدە تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، خەلقئارادا بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر بىر بىرلىككە كەلگەن ئېنىقلىما يوقلۇقىنى ئەسكەرتىدۇ ۋە بۇ كىتابتا قوللىنىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بايانلىرى ئاساسىدا بۇ ھەقتە بىر ئېنىقلىما ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتورنىڭ تېررورىزمغا بەرگەن ئېنىقلىمىسى بويىچە دۆلەتسىز گۇرۇھلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، سىياسىي مەقسەت بىلەن قەستەن گۇناھسىز پۇقرالارنى نىشان قىلغان زوراۋانلىقلار «تېررورىزم» بولىدۇ؛ ئەمما، بۇ خىل گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي مەقسەت بىلەن ئارمىيە، ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى تېررورىزم بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئاپتور بۇ خىل ئېنىقلىما بويىچە تەبىر بەرگەندە شەرقىي تۈركىستاندا 1990-يىللاردىن بۇيان بولۇپ ئۆتكەن، خىتاي تەرىپىدىن «تېررورىزملىق» قىلمىشلىرى دەپ ئاتالغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىڭ تېررورىزمغا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتور يەنە «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ بىر سەلبىي نەتىجىسى بولسا دۇنيادىكى خىتايىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەبىت دۆلەتلەرنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكى ئېزىلگەن خەلقلەرگە «تېررورچى»

قالپىقى كىيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆلارنىڭ ئىنسانىيلىق خاراكتېرىنى بەربات قىلىشى بولغانلىقى، بولۇپمۇ ختاينىڭ بۇ ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىگە قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ئۆتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

بىرىنچى بابنىڭ ماۋزۇسى «ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە تارىخى، 1759 ـ يىلدىن 2001 ـ يىلغىچە» بولۇپ، بۇ بابتا ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ 1759 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستان چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى 2001 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخىنى «چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستېلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىقى»، «جۇمھۇرىيەتچى ختايلار دەۋرى ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى»، «1949 ـ 1980 ـ يىللاردىكى ختاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيىتى ۋە ئەمەلگە ئاشمىغان مىللىي ئاپتونومىيە»، ھەمدە «1980 ـ 2001 يىللاردىكى ئىسلاھات مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار: قويۇۋېتىش، تەرەققىيات ۋە كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسىنىڭ كۆچىيىشى» دىن ئىبارەت تۆت بۆلەككە بۆلۈپ ئەسلەپ چىقىدۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ماھىيىتىنىڭ مۇستەملىكە قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىنىشتىن ئىبارەت تۈپكى خاراكتېرىنى تەكىتلەيدۇ. ئاپتور خەلقئارادىكى ختاي تەتقىقاتى ساھەسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ختايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەملىكىچىلىك مۇناسىۋىتى دەپ قاراش مۇشۇ يېقىنغىچە بىر خىل تالاش ـ تارتىشتىكى كۆز قاراش بولسىمۇ، ئەمما بۇ بارغانچە كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار، بولۇپمۇ ياش تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا بۇرۇندىن بۇ خىل قاراشنى تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتور بۇ بابتا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە خاراكتېرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى چېگرا رايون مۇستەملىكىسىدىن ختاي كومپارتىيەسى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ زور كۆلەملىك ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ يەرلىشىشى نەتىجىسىدە كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت» ختاي ھازىرقى زامان تارىخىدا تاكى ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتنىڭ ئەڭ كەڭچىلىك بولغان بىر مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور يەنە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇرلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر مەزگىل كەڭچىلىك سىياسىتى قوللانغانلىقى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە قايتىدىن جانلىنىش بولۇپ، دىنىي پائالىيەتلەر راۋاجلانغانلىقى، بۇ مەزگىلدە ياشىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋرنى يېقىنقى تارىخىمىزدىكى «ئالتۇن دەۋر» دەپ ئەسلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما، 1990 ـ

يىللاردىن باشلاپ بۇ خىل ۋاقىتلىق كەڭچىلىكنىڭ ئورنىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسىدىن ئەنسىرىشى نەتىجىسىدىكى قاتتىق قول سىياسىتى ئىگىلىدى. ئاپتور خىتاينىڭ «7 ـ نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججىتى» نى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، 1990 ـ يىلىدىكى بارىن قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىنكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرىنى باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ سىستېمىلىق ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك بىر سىياسەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئاپتور بۇ مەزگىلدە خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە نامدا ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆچىگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ «غەربنى ئېچىش» سىياسىتىنىڭ يېڭىدىن ئىچكىرىدىن ئېقىپ كىرگەن خىتاي كۆچمەنلىرىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ھېچبىر پايدىسى بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز سانلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەسمىي تۈستە خىتاينىڭ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى زېمىنىغا ئايلانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئىككىنچى باپتا (بۇ باب ماۋزۇسى: «ئۇيغۇرلار قانداق قىلىپ "تېررور تەھدىتى" بولۇپ قالدى») كىتابنىڭ مۇھاكىمە نۇقتىسى «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» تىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋىي ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرىگە ئاغدۇرۇلىدۇ. ئاپتور ئۇيغۇرلاردا «تېررورلۇق تەھدىتى»نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خىتاي ھۆكۈمىتى ئويدۇرۇپ چىقارغان بۇ تەشەببۇسنىڭ 2002 ـ يىلى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھەر خىل سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت بۇرۇن ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان بىر تەشكىلاتنى تېررورچى تەشكىلاتلار قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكىنىڭ سەۋەبى «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ئۈچۈن خىتاينىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىراق ئۇرۇشى ئۈچۈن ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئاپتور بۇ باپتا يەنە 11 ـ سېنتەبىر تېررور ھۇجۇمىدىن كېيىن پەيدا بولغان خەلقئارادىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «تېررورىزم مۇتەخەسسىسلىرى»نىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ماتېرىياللار بويىچىلا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىن ئىبارەت ئىسمى بار، ئەمما جىسمى يوق تەشكىلاتنى ئاساس قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار تېررور تەھدىتى مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل

قاراشنى بازارغا سېلىپ كەلگەنلىكى، بۇ خىل يۈزەكى ئانالىزنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق باستۇرۇشى ئۈچۈن ئوبدان دەستەك بولۇپ بەرگەنلىكىنى تەنقىدىي نۇقتىدىن بايان قىلىدۇ.

ئۈچىنچى بابتا (بۇ بابنىڭ ماۋزۇسى:«ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش <تېررور تەھدىتى> ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە رېئاللىق») ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر قوراللىق گۇرۇپپىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىغا ئاساسەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاتالمىش ئۇيغۇر جىھاد گۇرۇپپىلىرىدىن خىتاي جەمئىيىتىگە كەلگەن «تېررورلۇق تەھدىتى» نىڭ ئەمەلىيەتتە تاكى 2013 ـ يىلغىچە ئاساسەن مەۋجۇت بولمىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەڭ تۆۋەن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى پاكىتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ بابتا ئاپتور ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتى، «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ قانداق بىر تەشكىلات ئىكەنلىكىنى پاكىتلار بىلەن بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىيەتتە «تېررورچى تەشكىلات» ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

كىتابنىڭ تۆتىنچى بابىدىن ئالتىنچى بابىغىچە بولغان ئاخىرقى ئۈچ بابىدا 2001 ـ يىلىدىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكى سىياسىتىنى كۈچەپ ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە «تېررورلۇق تەھدىتى» مەۋجۇتلۇقى تەشۋىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە خىتاي دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۆنسېرى كەسكىنلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار بارا ـ بارا مىللەت سۈپىتىدە خەتەرلىك بىر گۇرۇھ، ۋە ئەڭ ئاخىرىدا خىتاي جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈنمۇ بىر تەھدىت سۈپىتىدە نىشانغا ئېلىنغانلىقى، بۇ خىل كۆز قاراش ئاخىرىدا بىز بۈگۈن كۆرۈۋاتقان خىتاينىڭ دۆلەت رەھبەرلىكىدىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئىستراتېگىيەسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى بابتا (بۇ بابنىڭ ماۋزۇسى:«مۇستەملىكىچىلىك بىلەن تېرروررىزمغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈچرىشىشى، 2002 ـ 2012 ـ يىللار») ئۇيغۇرلاردا «تېررورلۇق تەھدىتى»نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى گەرچە 2002 ـ يىلى خەلقئارادا قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەسلەپكى ئون يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى ئالدىن پىلانلانغان سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز يۈز

بەرگەنلىكى، ھەتتا يوق دېيەرلىك ھالدا بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئاپتور خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1990 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىككە قارشى» سىياستىنى 2002 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر ئۆرۈلۈپلا «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ساداسى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق باستۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «غەربنى ئېچىش» نامىدا كۆپلەپ خىتاي يۆتكەپ كەلگەنلىكىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش نامىدا ئاسسىمىلاتسىيە سىياستىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىر ئىپادىسىنىڭ ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتور شۇنى تەكىتلەيدۇكى، گەرچە بۇ مەزگىلدە باستۇرۇش داۋاملىق ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، تاكى 2009 ـ يىلىغىچە قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئىنتايىن ئاز يۈز بەرگەن بولۇپ، 2009 ـ يىلى ئىيۇلدىكى ئۈرۈمچى نامايىشى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك زۇلۇمىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان بىر پارتلاش ۋە بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغانلىقىنى؛ بۇ ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى كۈچەپ داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى تېز سۈرئەتتە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى نىشان قىلغان «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياستى»نى شەرقىي تۈركىستاندا كۈچەپ ئېلىپ بارغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

5 ـ بابتا (بۇ بابنىڭ ماۋزۇسى:«ئۆزى تىلەپ تېپىش ۋە تېررورىزمغا قارشى خەلق ئۇرۇشى، 2013 ـ 2016 ـ يىللار») 2013 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاپتور بۇ بابتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكادىكى 11 ـ سېنتەبىر تېررورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئاتالمىش ئۇيغۇر «تېررور تەھدىتى»نى سۈيىئىستېمال قىلىپ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قاتتىق باستۇرۇشى خىتاينىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى بايان قىلىپ، خىتاينىڭ بۇ خىل تەھدىتنى ئۆزى «تىلەپ تاپقانلىقى»نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتور بۇ جەرياننىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2009 ـ يىلدىكى ئۈرۈمچى مالىمانچىلىقىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى «خەتەرلىك» بىر خەلق سۈپىتىدە تەكشۈرۈش ۋە باستۇرۇشنى كۈچەيتكەندىن باشلانغان بولۇپ، 2013 ـ يىلدىن 2014 ـ يىلغىچە بېيجىڭ، كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى دەپ قارىلىدىغان، قارىماققا ھەقىقىي «تېررورلۇق» ھۇجۇمىغا كىرىدىغان بەزى زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاپتور يەنە بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاچاق يولى بىلەن چەتئەلگە كۆچۈش دولقۇنى

كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى، جەريانى ۋە بۇ كۆچۈشنىڭ سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پاكىتلار بىلەن تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

6 ـ بابتا (بۇ بابنىڭ ماۋزۇسى:«مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى، 2016 ـ يىلى») 2013 ـ 2016 ـ يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئىچى ۋە سىرتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2017 ـ يىلىدىن باشلانغان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا قانداق بولۇپ ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكى پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. بۇ بابتا ئاپتور ئاۋۋال ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ بارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇشىنىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ. كىتابتا بۇ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىنتايىن جىددىي تۈستە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ۋە چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ سىياسىتىنىڭ سىستېمىلىق ۋە زوراۋان خاراكتېرى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ بابتا بۇ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ زور كۆلەملىك لاگېر سىستېمىسى ۋە ھەممە يەرگە تارالغان كۆزىتىش تورى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ سىياسەتلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقى، شۇنداقلا بۇ ھەرىكەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماي يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى مەركەزلىك بايان قىلىنىدۇ.

خۇلاسە بابىدا ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۈچ ھالقىلىق سوئالغا جاۋاب تېپىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ سوئاللار بولسا، ھازىرقى كرىزىس قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟ بۇ كرىزىسنىڭ «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلىرى بار؟ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ ھازىرقى جەريانلىرىنى توسۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتور خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ دۇنيانىڭ يىگىرمە بىرىنچى ئەسىردە قايسى شۇم يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىزگە بىر ئەينەكلىك رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىسى بىلەن كىتابنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## كىتابنىڭ ئەھمىيەتلىك مۇھىم نۇقتىلىرى

بۇ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا بىز مۇھىم دەپ ھېس قىلغان ۋە خەلقئارادىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەتقىقات ساھەسىدە ھازىرغىچە يېزىلمىغان دەپ قارىغان نۇقتىلارنى تۆۋەندىكىچە تىزىپ چىقتۇق:

• ئاپتور كىتابىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ماھىيەتتە مۇستەملىكىچىلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ خىل قاراش زامانىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئاكادېمىكلار ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدۇ، ئەمما بارغانچە كۈچلىنىۋاتىدۇ (جەيمس مىلۋارد، 2020).

• ئاپتور خەلقئارادىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «تېرورىزم» مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «تېرور تەھدىتى بولغان ۋە ھازىرمۇ بار» دېگەن قارىشىنى پاكىتلار بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

• ئاپتور ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خىتاي تەرىپىدىن خەلقئارادىكى «شەرقىي تۈركىستان» نامىنى ئىشلىتىدىغان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى قارىلاش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىر نام ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بىر نامدىكى ھېچقانداق بىر تەشكىلاتنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

• كىتابتا ئافغانىستان، پاكىستان ۋە كېيىنكى سۈرىيەدىكى ئاتالمىش ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتى پاكىتلار بىلەن بايان قىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ كۈچلەر ھەققىدىكى بايانلىرى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ.

• كىتابتا خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتايلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھەر قايسى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ۋە بېرىۋاتقان زۇلۇملىرى، بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ 11-سېنتەبىر تېرورلۇق ھۇجۇمىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتىكى پۇرسەتپەرەسلىكى ۋە ئاخىرىدا «مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» يولىنى تۇتۇشى قاتارلىقلارنىڭ تۈپ يىلتىزى مۇستەملىكىچىلىك ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

• كىتابتىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ 2013-يىلىدىن كېيىنكى شىددەت بىلەن كۈچەيگەن قارشىلىقلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى «تېرورچى» قالپىقى سايىسىدە ئېلىپ بارغان باستۇرۇشلىرىغا بولغان

ئىنكاس، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل نەتىجىنى «ئۆزى تىلەپ تاپقان» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى.

- كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ئەگەر بىرەر تەدبىر ئېلىنمىغاندا ھازىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمما مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىللىتىنى ساقلاپ قېلىشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئاخىرقى نۇقتا بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئويدان ئويلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، شان روبېرتسنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن بۇ كىتابى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ دەھشەتلىك پاجىئە چۈشكەن بىر دەۋردە، ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا نەشر قىلىنغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئەسەردۇر. بۇ كىتاب خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يەھۇدىيلارنىڭ مىللەت سۈپىتىدە تۇتقۇن قىلىنىپ قىرغىن قىلىنىشىدىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق قىرغىنچىلىق بولغان ئۇيغۇرلار ئۈستىگە چۈشكەن بۇ دەھشەت ۋە بالا ـ قازانىڭ تارىخى سەۋەبىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىدا ۋە بۇ ئارقىلىق «ئۇيغۇر مەسىلىسى»نى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەقىقىي بىر يول تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب يەنە بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقىشىمىزغا ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە ئەرزىيدىغان بولۇپ، ئاتالمىش «تېررور تەھدىتى» ھەققىدىكى ئۆز ئىچىمىزدە بار بولغان، مۈجمەل ۋە ئايدىڭلاشتۇرالمىغان نۇقتىلار ھەققىدە ئوبيېكتىپ چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىزدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا جىددىي تەرجىمە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1.Sean Roberts, “The War on the Uyghurs: China's campaign against Xinjiang's Muslims”, Manchester University Press (2020)

2.Sean Roberts, “The War on the Uyghurs: China's Internal Campaign against a Muslim Minority”, Princeton University Press (2020)

3.James Millward, “We need a new approach to teaching modern Chinese history: we have lazily repeated false narratives for too long”, Medium (2020). Link: https://medium.com/@millwarj



# ستالىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

نورمان نايكمان

# ستالىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

نورمان نېيمارك

1953 ـ يىلىدىكى ئۆلۈمىدىن ئىلگىرىكى يىگىرمە يىل ئىچىدە ستالىن تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. ئۇ مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئون يەتتە مىليون كىشىنى سولىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ كىشى ئۆلۈپ كەتتى، بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭ كىشىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئالتە مىليون كىشىنى باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلدى، ئۇلارنىڭ بىر يېرىم مىليونىنى «ۋاقتسىز كەلگەن ئۆلۈم» ئۆز قوينىغا ئالدى.

بۇنىڭدىن سىرت، «ئۇكرائىنا ئاچارچىلىقى، پولشالىقلارغا، بالتىق خەلقىگە ۋە كوللېكتىپلىشىشقا قارشىلىق قىلغان دېھقانلارغا، شۇنداقلا سۈرگۈن قىلىنىشقا قارشى كۆرەش قىلغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان قىرغىنچىلىق ۋە ئۆلۈم جازاسى» ئۈچ مىليوندىن بەش مىليونغىچە كىشىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلدى. بۇ جىنايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئېتنىك سۈپىتىدە بىلىنگەن گۇرۇپپىلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بۇ جىنايەتلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بەلگىلەنمىگەن. نورمان نېيماركنىڭ ئېيتقىنىدەك، بەزى ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي توسالغۇلار ئاكادېمىكلارنىڭ ستالىننىڭ جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاشتىن توسۇپ قويغان ئىدى. بەزىلەرچە بولسا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئۇقۇمى پەقەت ۋە پەقەت ناتسىستلار تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان يەھۇدىيلارغىلا قارىتىلىشى كېرەك ئىدى.

يەنە بەزىلەر، ئۇكرائىنادىكى ئاچارچىلىقنى، «جازالانغان كىشىلەر»نىڭ مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلىنىشىنى ۋەياكى پولشا ئارمىيىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ كاتىن ئورمانلىقىدا قىرىۋېتىلىشىنى سوۋېت قىرغىنچىلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ ئايرىم مۇئامىلە قىلىپ، باشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويغان. يەنە بەزىلەر بولسا، ستالىنىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئېتنىك مىللەتلەرگە تەۋە ئەمەسلىكىنى، ئەمما قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ھالبۇكى، نېيمارك ستالىنچىلارنىڭ جىنايىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتىلىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا كىتابىدا ستالىننىڭ باي دېھقانلارغا قىلغان ۋەھشىي ھۇجۇمىغا ئالاقىدار باب ئاجراتقان بولۇپ، گۇلاگقا پالاش جىنايىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ قىسىم نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان. 1932 ـ ، 1933 ـ يىللىرىدىكى ئۇكرائىنىيە ئاچارچىلىقى مەجبۇرىي سانائەتلەشتۈرۈشنى تېزلەشتۈرۈش ۋە «مۇستەقىل دېھقانلارنىڭ بېلىنى ئوشتۇش» ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىنچى يىللىرىدىكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىش «سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن كەلگۈندى كىشىلەر» دەپ قارالغان گېرمان، پولەك ، كورىيان ، ئېستونىيەلىكلەر، لىتىۋالىقلار ۋە لاتۋىيەلىكلەر، شىمالىي كاۋكازدىكى مۇسۇلمان خەلق، شۇنداقلا قارا دېڭىز قىرغىقىدىكى چېچىنلەر، ئىنگۇشلار، قىرىم تاتارلىرى قاتارلىقلارغا زىيان سالغان. شۇنداقلا، 1937 ـ ، 1938 ـ يىللىرى غايەت زور دۆلەت تېرورى يۈز بەرگەن.

ئۇ كىتابىدا توققۇز خۇلاسىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇ يەكۈنلىگەن خۇلاسىلەر مۇنداق. خەلقئارا قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى «جىنايەتلەرنىڭ جىنايىتى»نىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي گۇرۇپپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېڭەيتىلگەن ئېنىقلىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھال ئىرقىي قىرغىنچىلىق دېگەن سۆزنى ستالىنىزمنىڭ جىنايىتىگە تېخىمۇ ماسلاشتۇرىدۇ. «ستالىن ۋەھشىي قاتىل بولۇپ تۇغۇلمىغان ياكى بۇ ھالەتتە چوڭ بولمىغان»، ھالبۇكى بىر قاتار شەخسىي ۋە سىياسىي ۋەقەلەر ئۇنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئايلاندۇرغان. گۇلاگقا پالاشمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، گۇلاگقا پالاشنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى جەمئىيەتكە «يات» كىشىلەرنى يوقىتىشقا ئورۇنغان. ئۇكرائىنىيە ئاچارچىلىقىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتاش كېرەك. بۇ جەرياندا «دۈشمەن» مىللەتلەرگە قىلىنغان ھۇجۇملار ۋە چوڭ تېررور ئىرقىي قىرغىنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ستالىن ۋە ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرى بۇ جىنايەتلەرنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە سىياسىي رەقىبلىرىگەر قارشى كۈرەش قىلىش دەپ ئاتىۋېلىشى بىلەن، «ئۇرۇش قورقۇنچى» ھەم كۆپتۈرۈلدى، ھەم ستالىنچىلار تەرىپىدىن 1930 ـ يىللاردا جانغا زامىن ھەرىكەتلەرنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلدى. ئەڭ ئارقىدا، مۇھىم خۇلاسە شۇكى «ستالىننىڭ كەڭ كۆلەملىك قاتىللىق قىلىش جىنايىتى گېتلىرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بولمىسا، بۇ جىنايەتلەرنىڭ يۈز بەرگەن بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.»

تەتقىقات ئاساسىدا ئۇستىلىق بىلەن يېزىپ چىقىلغان «ستالىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» دېگەن بۇ ئەسەر ئاكادېمىك ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ، باشقا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ باشقا ئاپتورلارنى ستالىننىڭ چوڭ كۆلەملىك تېررورلۇق ھەرىكىتىنى قايتا باھالاپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئۇنىڭ قىلمىشىغا يارىشا ئىسىم بىلەن ئاتىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:

https://www.tandfonline.com/doi/figure/10.1080/10848770.2012.673368?scroll=top&needAccess=true



# سېرىق قولياغلىق

# سېرىق قولياغلىق

پىت خامىل (ئامېرىكا)

ئۇلار لادېردېيلغا بارماقچى ئىدى. قىز بۇنى كېيىن ئېسىگە ئالدى. ئۇلار ئالتە كىشى بولۇپ، ئۈچى قىز، ئۈچى ئوغۇل ئىدى. قوللىرىدا قەغەز خالتىغا ئورالغان ساندۇيچ ۋە ھاراق كۆتۈرۈشكەن ھالدا 34 ـ كوچىدىكى كونا باش بېكەتتىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى. ئۇلار نيۇيوركنىڭ سوغۇقىدىن يىراقلاشقا ئەگىشىپ، ئالتۇن رەڭلىك دېڭىز ساھىلى ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىنى خىيال قىلىشتى. ۋىنگو باشتىلا ئاپتوبۇستا ئىدى.

ئاپتوبۇس جېرسىيدىن ئۆتۈپ فىلىيغا كىرگەندە، ئۇلار ۋىنگونىڭ مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن ئولتۇرۇشىغا دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ۋىنگو ئالتە ياشنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇپا ـ تەرەت يۈزى ئۇنىڭ قانچە ياشقا كىرگىنىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئۈچىسىغا كىيىۋالغان ئاددىي كۆلرەڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكىسى ئۇنىڭغا ياراشمىغان ئىدى. ۋىنگونىڭ بارماقلىرى تاماكا ئىسىدىن سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ دائىملا كالپۇكىنى ئىچى تەرەپتىن چىشلەپ قوياتتى. ئۇ چوڭقۇر جىمجىتلىققا غەرق بولغان ئىدى.

يېرىم كېچە. ۋاشىڭتوننىڭ سىرتىدىكى بىر جاي. ئاپتوبۇس خوۋارد جونسون زەنجىرسىمان مېھمانخانىسىغا كېلىپ توختىدى. ۋىنگودىن باشقا ھەممەيلەن ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئۇ ئورۇندۇقىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماستىن قېلىپ قالدى. ياشلار ئۇ توغرۇلۇق ئويلاشقا، ئۇنىڭ ھاياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. بەلكىم ئۇ بىر دېڭىز كاپىتانى بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇ ئايالىنى تاشلىۋېتىپ باشقا ياققا ماڭغان، ئۆيىگە قايتسا قېرى ئەسكەر بولۇپ قالىدىغان كىشى بولۇش مۇمكىن. ياشلار ئاپتوبۇسقا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، قىزلاردىن بىرى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— بىز فلورىداغا كېتىۋاتىمىز، سىزمۇ ئاشۇ يىراق يەرگە كېتىۋاتامسىز؟ — قىز بۇ سۆزلەرنى خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى.

— بىلمەيمەن.

— مەن فلورىداغا بىرىپ باقمىغان، ئاڭلىشىمچە گۈزەل جايمىش.

— شۇنداق. — ۋىنگو كاللىسىغا كىرىۋالغان بىر ئىشنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغاندەك تېزلا جاۋاب بەردى.

— سىز فلورىدادا ياشامسىز؟

— مەن فلورىدادىكى جەكسونۋىللى دېگەن يېرىدە دېڭىز ئارمىيىسىدە مەلۇم مەزگىل تۇرغان.

— ئـازراق ئـچەمسـز؟ — ۋنـگو كۆلۈمسـرگـنـچە بـوتۇلـكنـى ئېلـپ، كـيانـتى هارىقـدىن لـىق بـر يۇتۇم ئـچتى. ئـانـدىن قـزغا رەهمەت ئېيتىپ، ئۆز جىمجىتلىقىغا غەرق بولدى. ئۇ بىر هازادىن كېيىن مۈگدەشكە چۈشۈۋىدى، قىز باشقىلارنىڭ يېنىغا كەتتى.

ئەتىگىنى ئۇلار ئويغىنىپ ئۆزىنى باشقا بىر خوۋارد جونسون مېھمانخانىسىدا كۆردى. قىزچاق چىلىك تۇرۇۋالغاچقا، بۇ قېتىم ۋنـگو مېھمانخانىغا كـىردى. ۋنـگو بەكمۇ خـىجـىلـچان كۆرۈنەتـتى. ياشلار دېڭىز ساھىلىدا ئۇخلاش توغرىسىدا پاراڭغا چۈشكەنـدە، ئۇ قارا قەهۋە بۇيرۇتتى، بـئارامىلىق ئىلكىدە تاماكا چەكتى. ئۇلار ئەتىگىنى ئاپتوبۇسقا قـايـتـشـتـى. قـىزچـاق يەنە ۋنـگونـىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بىر ئاز ئۆتكەنـدىن كېيىن، ۋنگو ئازاب ۋە ئـكـكـىلـىنـىش ئـىلـكـدە ئۆز هېكايىسىنى ئاستا سۆزلەشـكە بـاشـلـىدى. ئۇ ئۆتـكەن تۆت يـىلـدا نيۇيـوركـتا تۈرمـىدە يـاتـقان بـولـۇپ، مـانـا ئەمـدى ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئىدى.

— تۆت يـىـل! نېمە جـىـنـايەت ئۆتكۈزگەن ئىدىڭىز؟

— ئۇ مۇهىم ئەمەس. — ۋنگو تولىمۇ ئاستا سۆزلەيـتتى، — جـىنـايەت ئۆتكۈزدۈم ۋە تۈرمـىگە كـىردىم. ئۇلار مـاڭا جـىـنـايەتـنى ئۆز ۋاقـتـىدا ئۆتكۈزۈشنى بىلمىسەڭ، جىنايەتكە يېقىن كەلمىگىن دېيىشتى. ئېيتقىنى توغرا.

— ئايالىڭىز بارمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيسىز؟

— ئايالىمغا خەت يازالايدىغان چاغلىرىمدا، ئۇنـىڭغا «مـارسا، ئەگەر مەن بىلەن ئۆيى تۇتۇشنى خالىمىساڭ، بۇنى توغرا چۈشىنىمەن» دەپ يازدىم. ئۇنىڭغا ئۇزاق مۇددەت يېنىڭدا بولالمايمەن، ناۋادا بەرداشلىق بېرەلمىسەڭ، باللار تولا سوئال سوراپ بېشىڭنى ئو-چاق قـىلـىۋەتسە، بۇ هال سېنى بەكلا تۇگەشتۈرۈۋېتىدىغان بولسا، مېنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بـاشقا ئەرگە تەگـسەڭ بـولـىدۇ، دېدىم. ئۇ بەكمۇ قـالـتىس ئـايـال، راستىنلا شۇنـداق. مېنى ئۇنتۇپ كەتـكىن دېدىم. ئۇنـىڭغا مـاڭا خەت يېزىش مەجبۇرىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا خەت يازمىدى. خەت يازمىغىنىغا ئۈچ يېرىم يول بولدى.

— سىز قـانـداق بـولـغـىنـنى بـىلـمەي تۇرۇپ ئۆيىڭىزگە قايتىپ ماڭدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنـداق، —دېدى ئۇ خـىجـىل بـولـغان هالـدا، — هە، مەن ئـالـدىنـقى هەپـتە تۈرمـىدىن قـويۇپ بېرىلـىدىغـانـلـىقـىم ئېنىق بـولـغان چـاغـدا ئۇنـىڭغا خەت يازدىم. ئۇنـىڭغا ئەگەر باشقا بىرىگە تەگـكەن بـولـسا، مەن بۇنـى تـوغـرا چۈشـىنـدىغـانـلـىقـىمنى. تەگمىگەن بولسا، مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى خالىسا، بۇنى ماڭا بىلدۈرۈپ قـويۇشـنـى ئېيتتىم. بـىز جەكـسونۋىلـلى شەهرىدە يـاشـاشتىن ئـاۋۋال، مۇشۇ بـرۇنسۇيكتا ياشايتتۇق. بـرۇنسۇيـكـقا كـىرەشـىڭىزدە بەك داڭلىق، تـولـىمۇ

يوغان بىر دۆب دەرىخى بار. مەن ئۈنىڭغا ئەگەر مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى خالىسا، ئاشۇ دۆب دەرىخىگە سېرىق قولياغلىق ئېسىپ قويۇشنى، شۇندىلا يولدا چۈشۈپ قېلىپ، ئۆيگە كىرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەگەر مېنى خالىمىسا، قولياغلىق ئاسمىسلىقىنى، بۇنداق بولغاندا مەن بىرونسۋىكتا چۈشۈپ قالماستىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— ۋاي خۇدايىمەي. ما ئىشنى كۆرۈڭ.

قىز ئەھۋالنى باشقىلارغا ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېزدىنلا بۇ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئاپتوبۇس بىرونسۋىك دېگەن يۇرتقا كىرگەندە، ئۇلار ۋىنگو ئۆزلىرىگە كۆرسەتكەن ئايالنىڭ ۋە ئۈچ بالىسىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئايال يېقىملىق، ئاددىيغىنە ئايال ئىدى. بالىلارنىڭ رەسىمى تولا تۇتىۋەرگەنلىكتىن كونىراپ، تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ بىرونسۋىكقا كىرىشىگە يىگىرمە مىل قالدى. ياشلار ئوڭ تەرەپتىكى دېرىزە يېنىدىكى ئورۇندۇقلاردا يوغان دۆب دەرىخىنى كۆتۈپ ئولتۇرۇشتى. ۋىنگو دېرىزىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، (يىللاردىن بېرى ئىشلەتكەن) جىنايەتچىلەر ماسكىسى بىلەن يۈزىنى ئورىدى. بۇ ھالدىن ئۇ باشقا بىر ئۈمىدسىزلىككە قارشى ئىديە تەييارلىقى قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىرونسۋىكقا ئون مىل قالدى. بىرونسۋىكقا بەش مىل قالدى. ئاپتوبۇسنى تىمتاسلىق قاپلىدى. يوقلۇق، يوق بولغان يىللار، ئايالنىڭ ئاددىي يۈزى، ناشتىلىق ئۈستىلىدىكى كۈتۈلمىگەن خەت، بالىلارنىڭ ھەيرانلىقى، يالغۇزلۇقتىكى تۆمۈر شادىلار.

تۇساتتىن ياشلارنىڭ ھەممىسى ئورۇندۇقلىرىدىن چاچرىغىنىچە تۇرۇشۇپ، ۋارقىرىشىپ، چىرقىرىشىپ كەتتى. ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى چىقىرىشىپ، غەلىبە خۇشاللىقىدا مۇشتلىرىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىشتى. ۋىنگو بولسا جىمجىت ئىدى. بىھۇش بولغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ دۆب دەرىخىگە قارىدى. دەرەخ سېرىق قولياغلىقلار بىلەن قاپلانغان ئىدى. يىگىرمە، ئوتتۇز، بەلكىم يۈزلەرچە قولياغلىق. دۆب دەرىخى كۆتۈۋېلىش بايرىقىغا ئوخشاش شامالدا لەپەڭشىيتتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرەختىكى قولياغلىقلار قالتىس ھالەت چىقىرىپ پۇلاڭشىدى. سابىق جىنايەتچى ئورۇندۇقىدىن ئاستا تۇردى. ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

The Atlantic



Uighur dancer performing to music. (William Vandivert / The LIF
Picture Collection / Getty

# Saving Uighur Culture From Genocide

China's repression of the Uighurs in Xinjiang has forced those in the diaspora to protect their identity from afar.

# ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوق قىلىۋېتىلىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش

## خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشى ۋەتىنىدىن يىراق جايدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز كىملىكىنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى

ياسمىن سەرھان

### يوق قىلىنىشقا ئۇچراۋاتقان بىر مەدەنىيەتنى قانداق قوغداپ قالىسىز؟

ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر تۈرلۈك پەرەزدىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇش بارغانسېرى كۈچەيدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىدى. (نۆۋەتتە بۇ سان بەش مىليوننىڭ ئۈستىدە دەپ تىلغا ئېلىنىۋاتىدۇ. ـ ت) بۇ لاگېرلاردا ئۇلار سىياسىي جەھەتتىكى كاللا يۇيۇش، مەجبۇرىي ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىش ۋە تەن جازاسى قاتارلىقلارغا ئۇچرىماقتا.

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇش ئۇلارنى لاگېرغا سولاش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. 2016 ـ يىلىدىن بېرى كۆپلىگەن قەبرىستانلىقلار ۋە مازارلىقلار ۋەيران قىلىندى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى چەكلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى خىتايچە ئالدى. ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى «ئاشقۇنلۇقنىڭ بەلگىسى» دەپ قارىلىپ، چەكلەندى.

بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنى تېررورىزىمنىڭ، بۆلگۈنچىلىكنىڭ ۋە ئاشقۇنلۇقنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش دەپ سۈپەتلەيدۇ. بىراق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇددىئاسى ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە دىنىي كىملىكىنى يوق قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىدۇر. (شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. ـ ت)

ھەتتا چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغىمۇ بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئۆز يۇرتىدا يۈز بېرىۋاتقانلار توغرۇلۇق ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن

كۆپلىگەن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، سەنئىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى يوق قىلىنسا دۇنيا نېمىنى يوقىتىدىغانلىقى ئۇياقتا تۇرسۇن، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى ئىنتايىن ئاز كىشىلەرلا بىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغدىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، فرانسىيە، تۈركىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان يەتتە ئۇيغۇر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. مەن زىيارەت قىلغانلار ئاشپەز، شائىر، ناخشىچى، كىنو رېژىسسورى، تىل ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىقلار بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشقا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تۆھپە قوشۇۋاتقان ئىدى. ھەممەيلەن ئۆز مىراسلىرىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۇلىشىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ئاكتىپچانلىققا ئىگە ئىدى. ئۇلاردىن ھېچبىرى ئەگەر مەغلۇپ بولسا قانداق بىر تراگېدىيە بىلەن يۈزلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.

«نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئېغىر پىسخىكىلىق بېسىم ئىچىدە. بىز كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمىز» دېدى ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجەكتىنىڭ دىرېكتورى ئۆمەر قانات.

2017 ـ يىلى ئاپرېلغا قەدەر، مەركىزى ئاسىيادا ياشايدىغان كىشىلەردىن باشقىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق مەلۇماتقا ئىگە بولغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا 11 مىليون ئۇيغۇر (ئاپتورنىڭ بۇ مەلۇماتى خاتا ـ ت)، چەتئەلدە تەخمىنەن بىر مىليوندەك ئۇيغۇر ياشايدۇ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركىيەگە تارقالغان. ئامېرىكادا ۋە ياۋروپادا ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرىقى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتىگە قارىغاندا بەكلا ئاز نىسبەتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى تەرىپىدىن ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر 2017 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلقئارالىق كەڭ جامائەتچىلىككە يېتىپ كەلمىگەن ئىدى.

دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، غۇلجىلىق ئۇيغۇر ئايال مۇقەددەس يادىكار لوندوندا «ئەتلەس» ئىسىملىك تۇنجى ئۇيغۇر ئاشپۇزۇلىنى ئېچىشنى قارار قىلىدى. ماگىزىنلار، قىمارخانىلار، قەھۋەخانىلار قاتارلىقلار جايلاشقان شىمالىي لوندوننىڭ ئاۋات كوچىسىدىن ئورۇن ئالغان ئەتلەس ئاشپۇزۇلى ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان دۇكان ـ سارايلاردىن پەرقلىق مەنزىرە ياراتقان.

«بىزنىڭ تاماقلىرىمىز خىلمۇ ـ خىل، تۈرى بەك كۆپ.» مۇقەددەس ماڭا بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، چاي ئىچىپ ئولتۇرغىنىمىزدا شۇنداق دېدى. ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ئەنگلىيە تاماق سەھنىسىدە بولماسلىقى ئۇنى يولدىشى ئابلىكىم راخمان بىلەن بىرلىكتە ئاشپۇزۇل ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئاشخانا ئېچىلغان ۋاقىتتا، ئاساسلىقى مىللىي خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدى، بۇنداق بولۇشىدا ئەنگلىيىلىكلەر ئۇيغۇر تائاملىرى بىلەن تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگۈرۈش بولدى. «ھازىر بىزنىڭ خېرىدارلىرىمىزنىڭ كۆپ سانلىقى ئەنگلىيىلىكلەر» دەيدۇ مۇقەددەس. ئۇ ئۆز تاماقلىرىنىڭ ئەنگلىيىدىكى مۇسۇلمانلارنى جەلب قىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى سەۋەبىنىڭ ئۇلارنىڭ ھالال تاماق



تېپىشى قىيىنغانغا توختايدىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئېيتتى. نۆۋەتتە بۇ ئەر-ئايال شىمالىي لوندوندا ئىككى ئۇيغۇر ئاشخانىسىنىڭ خوجايىنى ھېسابلىنىدۇ.

ئەتلەس ئاشپۇزۇلى كىشىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرىدۇ. «ئەتلەس» ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر رەختىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئاشخانا ئۆز ئىسمىنى مۇشۇنىڭدىن ئالغان. ئاشخانىدىكى ھەممە تاماق ئۈستىلى ئەتلەس بىلەن زىننەتلەنگەن. رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ ئۇيغۇر مۇقامى تەسۋىرلەنگەن رەسمى بىلەن زىننەتلەنگەن گىلەم ئاشخانا تېمىغا ئېسىلغان. ئاشخانا تاملىرىنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋي چالغۇلار، كەشتىلەنگەن دوپپا ۋە زىننەتلىك چېنە-قاچىلار بىلەن زىننەتلەنگەن.

مەن مۇقەددەس بىلەن راخماندىن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشتىكى رولى توغرىسىدا سورىغىنىمدا، ئۇلار بىر ئاز جىم تۇرۇپ قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە ئويلىنىپ يۈرمەيتتى. ئۇلارنىڭ جىمجىتلىقىنى ئاشخانىدىكى ئۈستەللەردىن بىرىدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بۇزدى. بىر نۇقتىدىن، بالىلار بۇ سوئالغا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەرگەندەك بىلىنەتتى.

«بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىز، كىملىكىمىز ۋە دىنىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز» دېدى راخمان بالىلارغا قاراپ قويۇپ. گەرچە بالىلار ئائىلىدە راۋان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشسىمۇ، بىراق ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسىلا شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ باققان ئىدى. بالىلار

ئانا ۋەتىنىگە بارغىنىدا بەك كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇ كەچمىشىنى ئەسلىيەلمەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، مۇقەددەس بىلەن راخمان ئۆز ۋەتىنىنىڭ روھىنى «ئەتلەس» ئاشپۇزۇلى ئارقىلىق جانلاندۇردى. «بىز ئاشپۇزۇلىمىز ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۆز خەلقىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى ۋە ئەنئەنىمىزنى باشقىلارغا چۈشەندۇرەلەيمىز. بىز يۇرتىمىزغا قايتالمايمىز. قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز. ئۇلار چەتئەلگە چىقالمايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، خەلقىمىزنى تونۇتىشىمىز، ئۇلارنى قوغدىشىمىز كېرەك بولىدۇ.»

دېۋىن نائار (Devin Naar) باشچىلىقىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىر مەدەنىيەتنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. تارىخشۇناس ۋە ۋاشىگتون ئۇنىۋېرستېتىدىكى سىفاردىك يەھۇدىلىرى (ئىسپانىيە ـ گوللاندىيە يەھۇدىلىرى) تەتقىقاتى پروففېسسورى دېۋىن نائار سىفاردىك يەھۇدىلىرىنىڭ يوقۇپ كەتكەن دۇنياسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشى ئۇ ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇۋاتقاندا باشلانغان. ئۇنىڭ بۇ تېمىغا قىزىقىشى ئۇنىڭ ئائىلە ئارقا كۆرۈنىشىدىن كەلگەن. ئۇ بۇنى بىر قىيىن تېما دەپ قارايدۇ. سىفاردىك يەھۇدىيلىرى ياشىغان يەرلەر گېرتسىيەنىڭ سالونىكادىن باشلىنىپ، نۆۋەتتە ئۆزى ئولتۇراقلاشقان سىئەتلغىچە تۇتىشىدۇ.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ئىبرىيە يېرىم ئارىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يەھۇدىي جامائەتچىلىكى توپلاشقان رايونلاردىن بىرى ئىدى. 1492 ـ يىلى ئىسپانىيە ئۆز زېمىنىدىكى يەھۇدى خەلقىگە «ئۆزگىرىش، ئايرىلىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش»تىن ئىبارەت شەرت قويدى. نەچچە يۈز مىڭلىغان سىفاردىك يەھۇدىلىرى پورتۇگالىيە، ئىتالىيە ۋە گوللاندىيە قاتارلىق جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى. نائارنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش باشقا يەھۇدىيلار بولسا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى پاناھ تارتىپ يول ئالدى.

«ئۇلار ئۆيدە گىرېكچە، تۈركچە سۆزلەمەستىن، ئۆزلىرى ئىسپانچە دەپ ئاتايدىغان بىر تىلدا سۆزلەيتتى» نائار ماڭا سالونىكادىكى ئەجدادلىرى توغرۇلۇق مۇشۇنداق دېدى. ئەسلىدە، باشقا سىفاردىك يەھۇدىلىرىغا ئوخشاش، ئۇلار ئىسپانچىنىڭ لادىنو دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەسىرلىك كونا ۋارىيانتىدا سۆزلەيدىكەن، بۇ تىلدا ئىبرانىي يېزىقى قوللىنىلىدىكەن. ئامېرىكادا چوڭ بولغان نائان سىفاردىك يەھۇدىيلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى بەك ئاز ئۇچرىتىدۇ. بەزى كىتابلاردا پەقەتلا ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى بەت ئاستى ئىزاھاتلارلا تېپىلىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ھالبۇكى، يەھۇدىيلار ئاسسىمىلاتسىيە ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، نائار سالونىكا يەھۇدىيلىرىدىن ئون مىڭلىغان كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:«بىز كۆرۈنمەيتتۇق. بىز باياناتلاردا تىلغا ئېلىنمايتتۇق.»

نائار سىفاردىك يەھۇدىيلىرى ھەققىدە بەزى مەنبەلەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ 1935 ـ يىللىرى يېزىلغان بىر يۈرۈش خەتلىرى بار بولۇپ، خەت ـ چەكلەر لادىنوچە يېزىلغان. بۇ خەتلەرگە يېزىلغانلارنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاقۋەتتە نائان بۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ چىققان. خەتتە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئازابلىق تارىخى يېزىلغان ئىدى. ئەجدادلىرىنىڭ ئىككىنچى

دۇنيا ئۇرۇشى يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىللەردە ئامېرىكاغا ۋىزا ئىلتىماسى قىلىشى ۋە رەت قىلىنغانلىقى، پويىزغا سېلىنىپ يەھۇدىيلارنى قىرىدىغان ئاشۋىتز لاگېرىغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي ۋەقەلىكلەر مەۋجۇت ئىدى. «مەن بۇ ھېكايىلەرگە كىرىشكىنىمدە بىر ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىدەك ھېسسىياتتا بولاتتىم. مەن بۇ دۇنياغا تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشۈم كېرەك ئىدى» دەيدۇ نائار.

نائارنىڭ ئىزدىنىشى سالونىكا، ئىرۇسالىم، موسكىۋا ۋە نيۇيورك قاتارلىق جايلارغىچە كېڭىيىپ، سېفاردىك يەھۇدىيلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىر كىتاب بىلەن نەتىجىلەندى. بىراق، سېفاردىك مەدەنىيىتىنى تىرىلدۈرۈش توغرىسىدىكى تىرىشچانلىق تېخى كۆزلەنگىنىدىن كۆپ يىراقتا. كۆنىمىزدە دۇنيادا ئاتمىش مىڭ بىلەن تۆت يۈز مىڭ ئارىسىدا لادىنو تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بار دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى بۇ تىلنى كىچىكىدىن باشلاپ سۆزلىيەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ تىلدا مۇستەقىل شەكىلدە سۆزلەشمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى لادىنو تىلىدا چىقىدىغان گېزىت ھېسابلانغان «سۆبھى گېزىتى»مۇ لاتىن ھەرپىدە نەشر قىلىنغان. گەرچە يېقىنقى مەزگىللەردە بۇ تىلنى قوغداش ئۈچۈن بەزى تىرىشچانلىقلار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، 2018-يىلى ئىسپانىيە لادىنو تىلىنى ئىسپان تىلىغا تەۋە دەپ، ئىسرائىلىيەدە لادىنو ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا يوقىلىش خەۋپى ئاستىدىكى تىل دەپ قارالماقتا.

سېفاردىك يەھۇدىيلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ يوقۇلىشى ئەجدادلىرىنىڭ يەرلىك تىلىنىڭ يوق بولۇشىدىنمۇ چوڭ مەنىگە ئىگە ئىكەن. بۇ تىلنىڭ يوقۇلۇشى باي لادىنو ئەدەبىياتىدىن مەھرۇم قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. نائام ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، لادىنو ئەدەبىياتىغا ئائىت نەچچە يۈز مىڭ بەت ھەجىمدىكى ئەمگەكنى توپلاپ دۇنيادىكى تۇنجى لادىنو كۇتۇپخانىسى سۈپىتىدە رەقەملەشتۈرۈپ چىقتى. لادىنو تىلىنىڭ يوقىلىشى يەنە ھېكايە، كۆز قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ يوق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. «تىلدا تەشكىللەش ئالاھىدىلىكى بولمىسا، ئۇنىڭ يوقىتىدىغانلىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن بولىدۇ» دەيدۇ نائام.

سېفاردىك يەھۇدىيلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ. سفاردىك يەھۇدىيلىرىنىڭ سۈرگۈن قىلىنىشقا دۇچ كەلگىنىگە بەش يۈز يىلدىن ئاشقا بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن باستۇرۇش مۇشۇ كۈنلىرىمىزدە يۈز بېرىۋاتىدۇ. گەرچە سېفاردىك يەھۇدىيلىرى ئەنئەنىلىرىنى ئائىلىسىدە، كۆپىنچە ھاللاردا مەخپىي رەۋىشتە ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئىنتېرنېت قاتارلىق زامانىۋىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولۇپ كەلمەكتە. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارغا دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىستىن بەزى ساۋاقلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، ۋەتەن مەسىلىسى بىلەن، بىر توپلۇمنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ۋەتىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قانداق ساقلاپ قالالىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سېفاردىك يەھۇدىيلىرىغا نىسبەتەن بۇ مەسىلە ھەر زامان مەۋجۇت. ئۇلار ئىبرىيە يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن بۇيان ئۆزگە

خاس بىر تۈرلۈك سەرگەردانلىق كىملىكىنى ساقلىدى. ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە ئۆز زېمىنىدىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن قوغلاپ چىقىرىلغان سېفاردىك يەھۇدىيلىرىغا ۋەتەنداشلىق بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سەرگەردانلىق كىملىكى ئۆزگەرگىنى يوق. «دۇنيادا سېفاردىك يەھۇدىيلىرىغا ۋاكالەتەن سۆز قىلىدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق» دەيدۇ. ئىسپانىيە ئۇلارنى ئىسپانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۆرۈپ سۆز قىلىدۇ، ئىسرائىلىيە ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلىقى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا ۋاكالەتەن سۆز قىلىدۇ. بىراق، ئوتتۇرىدا سېفاردىستان يوق، ئۇ مەۋجۇت ئەمەس» دەيدۇ نائار.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار گەرچە ئاپتونومىيە هوقۇقىغىمۇ هېچقانچە ئېرىشەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا ۋەتىنى بار. (گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا قىسقا ئۆمۈرلۈك شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، بەزى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى شىنجاڭ دەپ ئاتاشنى تاللايدۇ. بۇ جاي 1949-يىلىدىن بۇيان خىتايلارنىڭ كونتروللۇقىدا تۇرۇپ كەلمەكتە.) بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز تۇپرىقىدىكى كەلگۈسى مەۋجۇدىيىتىنى گۇمانغا سالىدۇ. بۇ هال نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە سەۋەب بولغان. رەھمە مامۇتنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. رەھمە ماموت لوندوندا ياشايدىغان ئۇيغۇر ناخشىچى ۋە ئاكتىۋىستتۇر. رەھمە غۇلجىدىكى مۇزىكانت ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى ماموت ناھايىتى كىچىك يېشىدىن باشلاپلا ناخشا ئېيتىشقا باشلىغان ئىكەن. «ئانامنىڭ دېيىشىچە، مەن تىلىم چىققان چاغدىلا ناخشا ئېيتالايدىكەنمەنتۇق.» رەھمە مەن بىلەن قىلغان تېلېفون سۆھبىتىدە كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ تۆت ئىنىسىمۇ ھەرخىل چالغۇلارنى چالىدىكەن.

خىتاي نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنى قارا-قويۇق تۇتقۇن قىلىشنى باشلاشتىن نەچچە ئون يىل ئىلگىرىلا، رەھمە يۇرتى غۇلجىدىن ئايرىلىشنى قارار قىلغان. رەھمە 1997-يىلى يۇرتىغا قايتقاندا، دىنىي ۋە مىللىي چەكلىمە قېقىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق نامايىشنىڭ قانلىق باستۇرۇلۇشىغا شاھىد بولغان. يۈزلىگەن كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، مىڭلىغان كىشى قولغا ئېلىنغان. ئاشۇ چاغدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە رەھمەنىڭ قېيىنى ئىنىسىمۇ بار بولۇپ، قېيىنى ئىنىسىغا 12 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. «مەن ئەھۋالنىڭ بەكمۇ ئوسال لىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم» دەيدۇ رەھمە.

شۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن ئۇ ماگىستىرلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن ئەنگلىيەگە سەپەر قىلغان، ئاخىرىدا لوندونغا يەرلەشكەن. كېيىن ئۇ لوندوندا باشقا ئۇيغۇرلار ۋە مۇزىكانتلار بىلەن بىرلىكتە لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرغان. ئۇنىڭ ئانسامبىلى ئەنگلىيە، ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ نومۇر ئورۇندىغان.

مەن رەھمەدىن ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋەتەن سىرتىدا تېخىمۇ ئەركىن ھالەتتە ھوزۇر ئالالاۋاتقان ئالالمايۋاتقانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ زۇلۇملا بولىدىكەن، مەڭگۈ ئەركىن بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق تۇغقانلىرى ئارىسىدا شەرقىي

تۈركىستاندىن چىقالاش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى پەقەتلا رەھمە ئىكەن. ئۇ ئوغلى ۋە يولدىشى بىلەن چىققان ئىكەن. ئۇ ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئالاقە قىلغان ۋاقتى 2017 ـ يىلى بولۇپ، ئۇ تۇغقانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماپتۇ.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجەكتىنىڭ بايانىغا ئاساسەن، 2017 ـ يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندىكى ناخشىچى، مۇزىكانت، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ۋە ئاكادېمىكلار قاتارلىق سەرخىللار تۇتقۇن قىلىنغان. نۆۋەتتە ۋاشىڭتوندا ياشاۋاتقان شائىر ۋە فىلىم رېژىسسورى تاھىر هامۇت ئىزگىل تەرجىمان ئارقىلىق ماڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ باستۇرۇشنىڭ ئەڭ كامىدا 2012 ـ يىلى باشلانغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ چاغدا «قايتا تەكشۈرۈش» ھەرىكىتى قوزغاپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب ـ ژۇرنال، فىلىم، مۇزىكا ۋە باشقىلارنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. «ئۇيغۇر مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۈرىدىغان، ۋەتەننى سۆيۈش، پارتىيىنى سۆيۈش، كىشىلەر ئارا ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىدىغان خىتايچە ناخشىلارنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان» دېدى ئىزگىل.

تاھىر ھامۇت ئىزگىل شېئىرلىرى ۋەتەن، دىن ۋە سۆرگۈنلۈك قاتارلىق شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇپ يېزىش ئومۇمەن ئىمكانسىز بولغان تېمىلاردا كۆپ توختالغان. ئىزگىل 2017 ـ يىلى ۋەتەندىن ئامېرىكاغا كېلىشىلىشنى پىلانلىغاندا، ئۆز شېئىر توپلىمىنى نەشر قىلىشنى قارار قىلغان. «ئامېرىكاغا كەتسەم، يۇرتۇمغا مەڭگۈ قايتالماسلىقىمنىڭ مۇمكىنلىكى كاللامدا ئايدىڭ ئىدى.

شېئىرلىرىمنىڭ بولسىمۇ خەلقىمنىڭ ئارىسىدا قېلىشى ئارزۇ قىلاتتىم» دەيدۇ تاھىر هامۇت. ئۇ ئاقىۋەتتە شېئىر توپلىمىدىن مىڭ تالنى يۇرتىدا تارقىتىۋېتىشكە قادىر بولالىغىنىنى، شېئىر توپلىمىدىن ئىككى مىڭ دانىسىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تاھىر هامۇت ئىزگىل ئۆز شېئىرلىرىنى توردا ئېلان قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇ ماڭا ئۈچ بالىنىڭ دادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان قىلىپ چوڭ قىلىش ئۆزىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى چەكلەنگەن بولسىمۇ، سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇرلار فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆز تىلى ئۆگىتىلىدىغان مەكتەپلەرنى قۇرۇشنى توختىتىپ قويمىدى. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان ماڭا ئېمېيل ئارقىلىق «تىل مىللەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يادروسى» دەپ يازدى. ئۇ ئىستانبۇلدا بەش ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان بالىلار ئۈچۈن قۇرۇلغان تىل مەكتىپىنى باشقۇرىدۇ. گەرچە يۇقۇملۇق ۋىرۇس سەۋەبلىك يۈز تۇرانە دەرس ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان بولسىمۇ، تور ئارقىلىق دەرس ئۆتۈش پەيتىدە ئوقۇغۇچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. كونىمىزگىچە، خەندان نورۋېگىيە، شېۋىتسىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە 150 كە يېقىن ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپتۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆرۈمچىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇقەددەس مىجىت فىلىم ئىشلىگۈچى، مۇزىكانت. مۇقەددەس مىجىت ئۇيغۇر ئۇسسۇلى

مۇتەخەسسىسىدۇر. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ 2003 ـ يىلى پارىژنىڭ نەنتېررى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلغاندا، بۇ يەردىكى ھېچكىم ئۇنىڭ يۇرتى ۋە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت ئاڭنى ئاشۇرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ مەشرەپ دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەشكە باشلىغان. ئەنئەنىۋي مەشرەپ قاتلاملىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ۋە مۇھىم ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تارقىتىدىغان مۇنبەرلىك رولىنى ئوينايدۇ.

مۇقەددەسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى سەرگەردانلىقتا ياۋاشاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا قوللاپ كەتمەيدىكەن. بەزى ئۇيغۇرلار بۇنى رىيالىلىقتا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ تەنقىدلىگەن. يەنە بەزىلەر خەلقىمىز باستۇرۇلۇۋاتقاندا بىز نېمىشقا ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا كىرىشىۋالىمىز دەپ سوئال قويغان. «كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئاممىۋي پائالىيەتلەرگە ياكى تەبرىكلەش پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ناھايىتى قىزىق — بۇ ئارقىلىق بۇ مەدەنىيەت داۋاملىشىدۇ ۋە نەپەس ئالىدۇ — بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى يۇرتتا ئازاب چېكىۋاتقاندا، بۇنداق پائالىيەتلەرنى قىلىپ يۈرۈش بەكلا خاتا.» ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىسى مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروجەكتى ئەمەلدارى ئېلىس ئاندېرسون شۇنداق دەيدۇ.

بۇ ئىشلار بىر ـ بىرى بىلەن زىتلاشتۇرۇپ قويۇلماسلىقى كېرەك. گەرچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا نىمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى تونۇشنى ئاشۇرۇش مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىپادە قىلىش ئارقىلىق، دۇنياغا كىم ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، مەدەنىيىتىنىڭ يوق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغاندا نېمىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق دۇنياغا تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچە بېرەلەيدۇ.

مەدەنىيەت ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش ئاكتىپ ھالەتتە زىيانكەشلىك قىلىنىشقا دۇچ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، كۆچۈش، ئاسسىمىلاتسىيە ۋە باشقىغا قوشۇۋېتىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزگىرىپ كېتىشكە مايىل بولىدۇ. جوشۇئا فىرىمەن (Joshua Freeman) ئىچكى ئاسىيا تارىخچىسىدۇر. ئۇ يەنە ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. جوشۇئا ئۈرۈمچىدە يەتتە يىل ياشىغان. ئۇنىڭ كۆزىتىشىچە، بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت شالغۇتلۇقى كۈنىمىزدە يۈز بەرمەكتە ئىكەن. جوشۇئا مۇنداق دەيدۇ:«كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايچىنى راۋان سۆزلەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە جەمئىيەتتە ھەر ئىككى تىلدا ياشىيالايدۇ. ناۋادا خىتاي دۆلىتىنىڭ پىلانى ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە خىتايلارغا قوشۇۋېتىش بولغان تەقدىردە، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى بۇنىڭدا رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ياش ئەۋلادلاردا بۇ خىل قوشۇلۇپ كېتىش يۈز بېرىۋاتىدۇ.»

خىتاي ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىۋېتىش يولىنى تۇتۇش

ئارقىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر كىملىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى يەنە ئويلىمىغان يەردىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە ئىلھام بەردى. كۆنىمىزدە ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندا يوقىتىلغانلارنى چەتئەلدە قايتىدىن قۇرۇشقا باشلىدى. چەتئەلدە ئۇيغۇر رېستورانلىرى، كىتابخانىلىرى، تىل مەكتەپلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرچە كىتاب ـ ژۇرناللار نەشر قىلىشقا باشلىدى. ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر مۇزىكىسى ۋە ئۇسسۇلى دۇنياغا تونۇش تۇرۇلۇشقا باشلىدى.

«نىسبەتەن ئاز ساندىكى يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار... قاتارلىقلار ئىشەنگۈسىز مىقداردا يېڭى ۋە مۇھىم ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ» دېدى فىرىمەن. ئۇلارغا رەھمەت، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چەتئەلدە ساقلىنىپ قېلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇنىڭدىن ئېشىپ گۈللىنىۋاتىدۇ.

بىراق، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەمدىلىكتە تەھدىت ئاستىدا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز تىلى ئۆگىنىشتىن، ئۆز ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىشتىن، ياكى ئۆز كىملىكىنى ۋەتىنىدە ئەركىن ھالەتتە ئىپادە قىلىشتىن مەھرۇم قالسا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى داۋام قىلىدۇ. بەلكىم بۇ داۋاملىشىشنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ۋەيران بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، مەن سۆھبەتلەشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئىجابىي قاراشلاردا بولدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ساقلاشقا ۋە جانلاندۇرۇشقا داۋام قىلغانلا تەقدىردە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتى.

فىرىمەن مۇنداق دېدى: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىش پىلانى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ھەتتا چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جانلانغان بىر ھالەت مەۋجۇت. ئۇنىڭ دۇنياغا بېرىدىغانلىرى كۆپ.»

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەرقاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى (تەرجىمە قىسمەن شەكىلدە قىسقارتىپ قىلىندى)

مەنبە:

https://www.theatlantic.com/international/archive/2020/10/chinas_/war_on_uighur_culture/616513



# مەمتىمىن ئەلا

# دوكتور مەمتىمىن ئەلا بىلەن سۆھبەت

**بىزگە ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان بىلىم كېرەك.**

**- مەمتىمىن ئەلا**

**يېزىقچىلىق ئادالەت ئىزدەشنىڭ يولىلا ئەمەس، بەلكى يەنە روھنى پاكلاشنىڭ ۋە قۇتۇلدۇرۇشنىڭمۇ يولىدۇر.**

**- مەمتىمىن ئەلا**

ھېكمەتيار: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك دوكتور مەمتىمىن ئەلا ئەپەندى، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ سۆھبىتىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ سۆھبىتىمىزنىڭ ئىدىئولوگىيە، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت دائىرىسىدە بولۇشىنى پىلانلىدىم. چۈنكى، بۇ جەھەتلەردە ئەڭ ئاز يېزىلىۋاتىدۇ ۋە ئەڭ ئاز سۆزلىنىۋاتىدۇ. بۇ ۋەجىدىن خەلقىمىزگە مۇشۇ دائىرىدىكى بىلىم، چۈشەنچە ۋە كۆزىتىشلىرىڭىزنى سۇنۇپ بېرەلىشىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئەھمىيەتلىك ئىش.

سىزدىن سورايدىغان تۇنجى سوئالىم مۇنداق: خىتاي ۋەتىنىدە ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاب، ژۇرنال، دەرسلىكلەرنى ئۆيلەردىن، كىتابخانىلاردىن ۋە سىنىپلاردىن پۈتۈنلەي يوق قىلدى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار قايسى دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولسا، ئۆز ھايات شەكلىنى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مۇھىتى ۋە مەدەنىيىتىگە قاراپ بەلگىلەپ كېتىۋاتقانلىقى ئومۇمىي ئەھۋال. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىلىم-مەرىپەت ھەرىكەتلىرى، كىتاب-ژۇرنال جەھەتلەردە مەلۇم يېڭىلىقلارمۇ يوق ئەمەس. 14-سانى چىقىش ئالدىدا تۇرغان، ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان ئۇيغۇرلار ژۇرنىلىمىزمۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى، مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ سەمەرىلىرىدىن بىرىدۇر. خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا قىلىۋاتقانلىرى بەك قورقۇنچلۇق بولغانلىقىدىنمۇ، ۋەياكى كىتاب-ماتېرىيال، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بەزى كىشىلەر چەتئەلدە ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنىۋاتقان بەزى خىزمەتلەرنى «قىچىشمىغان يەرنى تاتىلىغانلىق» دەپ قارايدىكەن. ئۇيغۇر قىرىلىۋاتقاندا، چەتئەلدە ئۇيغۇرچە كىتاب-ژۇرنال چىقىرىشقا «ئىشەك ئۆلۈۋاتسا، ... غىجەك تارتىپتۇ» دېگەن ئاڭ بىلەن قارايدىكەن. سىز چەتئەلدە ئۇيغۇرچە كىتاب-ژۇرناللارنىڭ، ھەتتا گېزىتلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بۇنىڭ بىرەر ئەھمىيىتى بارمۇ؟ بېلگىيەدە پەلسەپەدە ئوقۇپ دوكتور بولغان قىممەتلىك زىيالىيرىمىز بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن

چىقىرىلغان كىتاب-ژۇرناللىرىغا غەرب دۇنياسى، غەربنىڭ ئالىملىرى قانداق قارايدۇ؟

**مەتتىمىن ئەلا:** مەن ئاۋستىرالىيەگە يېڭى بېرىپ، يەرلىك ئابورىگېنلارنىڭ كۇلتۇرىگە قىزىقىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بەزى كەچمىشلىرى — بولۇپمۇ مۇستەملىكە بولۇش كەچمىشلىرى — بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. شۇ جەرياندا، ئۇلارنىڭ مېنتال (كاللىدىكى) خەرىتىسىگە قىزىقىپ قالدىم. بۇ ھەقتە بىر قىسىم ئىنسانشۇناسلار بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپتىكەن. بۇ خەرىتە شۇنداق بىر ئالاھىدە خەرىتىكى، ئۇ غەربىكلەرنىڭكىدەك قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى خەرىتىكەن، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆگىتىلىدىكەن. ئۇلار يەر شەكلىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن قانچىلىك ئېگىز-پەسلىكىنى، يۆنىلىشلەرنى ۋە ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى شۇنداق دەل بىلىدىكەن. ئۇلار ھازىرغىچە بۇ ئادىتىنى مەلۇم دائىرىدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇر تىلى دەل بىزنىڭ كاللىمىزدىكى خەرىتىدۇر. ئۇ ئارقىلىق بىز دۇنيانى بىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىنى قۇرىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى قەدىرىيەتلىرى — قىسقىسى ئۇلارنىڭ شانلىق تارىخىي مىراسلىرى — خىتاي تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنى — مەسىلەن، تىلىمىزدا يېزىلغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى كىتاپلىرىمىزنى، سەنئەت ئەسەرلىرىمىز ۋە باشقا كۇلتۇرەل يادىكارلىقلارنى — چوقۇم ساقلاپ قالمىساق بولمايدۇ. بۇلار يوقالسا، بىزمۇ نىھايەت يوقايمىز. چۈنكى، بۇلار بىزنى بىز قىلىپ تۇرىۋاتقان ئامىللارلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئۆزىدىن پەخىرلەندۈرىدىغان بايلىقلاردۇر. ئۆزىدىن پەخىرلىنەلمەيدىغان مىللەت راۋاج تاپالمايدۇ. چۈنكى، بىر مىللەت ئۆزىدىن پەخىرلىنەلمىسە، ئۇ زامان ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ھەم چۈشىنەلمەيدۇ، ھەم چۈشەندۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، مىللىي پەخىر بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئاچقۇچتۇر.

ھەرقانداق قەتلىئامدا بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى ئامىل بولىدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى ۋەھشىيەت بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلا ئەمەس، بەلكى يەنە يوقىتىش بىلەن ساقلاش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇر. خىتاي بىزگە ئالاقىدار ھېچقانداق بىر جاننى، بەلگىنى، سىمۋولنى، كىتاپنى، قەبرىنى، يەرنى، ئىمارەتنى قويماي ۋەيران قىلىۋاتىدۇ — خۇددى دۇنيادا ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت ئەسلا مەۋجۇت بولمىغاندەك. ئەمما، بىز ساقلاشقا ۋە ساقلىنىپ قېلىشقا تىرىشىۋاتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش كۆپرەك مانا مۇشۇ توقۇنۇشقا يۆتكىلىدۇ.

بۇ جەرياندا ئۆزىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتايلار يوقىتىلىۋاتقانلارنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلالمىساق، بىز ئۆتمۈشىدىن ئايرىلغان، ھازىرىدا قىرىلىۋاتقان ۋە كەلگۈسى بولمىغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالىمىز. بۇ بىزنىڭ زاۋالىمىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كاللىمىز ھايات — تەپەككۇر قىلالايمىز. ئۆتمۈشىمىزنىڭ خەرىتىسىنى ئۇ يەردە ساقلايمىز. كەلگۈسىنىڭ خەرىتىسىنى ئۇ يەردە سىزىمىز. بىز مانا مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق تىرىلىمىز. خىتاي جىسمىمىزنى قىرالايدۇ، ئەمما

**روھىمىزنى، ئىرادىمىزنى ۋە كاللىمىزدىكى خەرىتىمىزنى قىرالمايدۇ ھەم قىرالماسلىقى كېرەك.**

**شۇنىڭ ئۈچۈن، چەتئەلدە كىتاب ـ ژۇرنال چىقىرىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ يوقالماسلىقى. ئۈچۈن بەكلا مۇھىمدۇر. (ئۆز تىلىمىزدا كىتاب ـ ژۇرنال چىقىرىش) بىزنى ساقلايدىغان تىلىمىزنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈندۇر، بىزنىڭ بۇ قەتلىئامغا بولغان قارشىلىقىمىزدۇر، ساقلىنىپ قېلىشقا بولغان ئىنسانىي تىرىشچانلىقلىرىمىزدۇر. ۋەيران قىلىنىۋاتقان كۈلتۈرەل خاتىرىمىزنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرىمىزدۇر. بىزنىڭ قەتلىئامدىن يۈرىكىمىز لەختە، ئەمما ھاياتىمىز يىغلاپلا، باشقىلارغا يالۋۇرۇش بىلەنلا ئۆتمەيدۇ ھەم ئۆتمەسلىكى كېرەك. بىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز، قايتا يارىتىشىمىز ۋە كۆيدۈرۈلگەن كۈلدىن خۇددى قەقنۇستەك قايتا تىرىلىپ ئۇچىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە بىلىم — ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان بىلىم كېرەكتۇر.**

ھېكمەتيار: 2018-يىلى «ئۇيغۇرلار پىسخولوگىيىلىك ئۇرۇشتا» ناملىق ئەسىرىڭىزنى نەشر قىلدۇردىڭىز. ئۇيلار بلوگىڭىزدا يىللاردىن بېرى ئىزچىل ماقالە ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىسىز. يۇتيۇب قانىلىڭىزدا ۋە باشقا تور مېدىيالىرىدا سۆزلەپ تۇرۇۋاتىسىز. ئىنگلىزچە ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدىڭىز. ئەمما، بىلىشىمچە، سىز بۇلارنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىڭىزدا قىلىۋاتىسىز. سىزنى يىللاردىن بۇيان توختىماي يېزىشقا ئۈندەۋاتقان نەرسە نېمە؟ ئەل-يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ئىپادىلەشنىڭ، مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋارىيانتلىرىدىن بىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىش سۈپىتىدە ئىپادىلىنىۋاتامدۇ قانداق؟ يېزىقچىلىق سىزگە نېمىلەرنى ئاتا قىلدى ۋە نېمىلەردىن مەھرۇم قويدى، ئۆزىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**مەمتىمىن ئەلا: مېنى توختىماي يېزىشقا ئۈندەۋاتقان نەرسە بەك كۆپ. ساختا ئۇلۇغۋارلىقنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ئۇدۇللا دەي: مەن پەقەت ئاچچىقتىن يازىمەن. ئىچىمدە مەن تاكى قەبرەمگىچە ئېلىپ كېتىدىغان تۈگىمەس ئاچچىق بار. مەن تارىختىكى قايتا ـ قايتا تەكرارلانغان دۆتلۈكلىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ھېلىھەم تەكرارلىنىۋاتقانلىقىغا بولغان ئاچچىقتىن يازىمەن. مىللىتىمىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئاخىرى ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىشتىن كېيىن بىلىپ، ئۇنۇمىنى چىقىرالماي، ئىچىمدە بوغۇنۇقۇپ، كەلگۈسىمىزدىن ۋايىم يەپ قالغانلىقىمغا بولغان ئاچچىقتىن يازىمەن. مېنى ۋە مېنىڭ خەلقىمنى ئالدىغانلارغا، خورلىغانلارغا ۋە قىرغانلارغا بولغان چەكسىز ئاچچىقتىن يازىمەن. ھاياتىمدا نەچچە قېتىم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، مەسخىرە بىلەن يات تىلدا «نېمە قىلالايتتىڭ» دەپ دېۋەيلىگەنلەرگە بولغان ئاچچىقتىن يازىمەن. ساناقسىز غۇرۇرسىز، قورقۇنچاق ۋە نومۇسسىز دەۋرداشلىرىمغا بولغان ئاچچىقتىن يازىمەن. خىتاينىڭ قارا زىندانلىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان مىليونلىغان خەلقىمگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيۋاتقىنىمغا رەللە بولۇپ، ئاچچىقتىن يازىمەن.**

كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بىر گۇناھ تۈيغۇسىدا، ياشاشنىڭ نومۇسلىرىدا ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقىدا يازىمەن.

مانا مۇشۇ ئاچچىقلارنىڭ تەكتىدە مەن ئاللىكىملەردىن، ئاللىنېمىلەردىن يوشۇرۇن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلىمەن. بۇ مەنىدىن، يېزىقچىلىق مەن ئۈچۈن بەزىدە بىر خىل ئۆچ ئېلىش شەكلىدۇر.

يەنە بىرى، يېزىقچىلىق ماڭا خۇشاللىقتىن كۆرە كۆپرەك ئازاب بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىش ھەرگىز كۆڭۈللۈك بىر ئىش ئەمەس. قىرىلىۋاتقان بىر مىللەتنى ھەقىقىي يېزىشتا سىزمۇ روھىڭىزدا قىرىلىپ ماڭىسىز. بۇنداق تۈيغۇدا بولالمىسىڭىز، شەكسىزكى يالغانچىلىق قىلىۋاتقان، ئۆزىڭىزنى ئالداۋاتقان بولىسىز. شۇڭا، ھەر بىر يېزىقچىلىق مەن ئۈچۈن قەلبىمنى شەپقەتسىز دەۋرنىڭ بىر ئاچچىق تىلغىشىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ تىتما ـ كالاك بولۇشىغا ئامالسىز قاراپ تۇرۇشقا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ مەن ئۈچۈن قايتا تىرىلىشتۇر — قاننىڭ ئىچىدىن دەس تۇرۇشتۇر.

بىر بەختسىز مىللەتنىڭ يازغۇچىسى بولۇشنىڭ ئۆزى چوڭ بەختسىزلىكتۇر. چۈنكى، بەختسىزلەرگە ئۆزىڭىزمۇ شۇنداق بەختسىز تۇرۇپ ئۇنىڭ بەختىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى يېزىشتىنمۇ ئۆتە ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك. ئەمما، شۇنىمۇ بىلىسىزكى، ئۇلار بەختلىك بولمىغۇچە، سىز ھەقىقىي بەختلىك بولالمايسىز. تەقدىرىڭىز ئۇلار بىلەن شۇنداق چەمبەرچەس باغلانغان — بۇنى ئادالەتسىزلىك دېسىڭىزمۇ ئامالىڭىز يوق. شۇنىڭ بىلەن بەختسىزلىكنى ئۇنتۇپ يەنە يېزىشقا چۈشىسىز.

ھەر بىر ئەسىرىمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، نېمىندۇر ئۇنتۇپ قالغاندەك، نېمىندۇر تولۇق ۋە توغرا دېيەلمىگەندەك ھېس قىلىپ كېتىمەن. ئەمما، ئاخىرلىشىپ بولغان ئەسەر تۇيۇقسىز چوڭ بولۇۋالغان بالا دادىسىغا ھۆرپىيىپ «ئىشىمغا ئارىلاشما» دەپ گۆركىرىگەندەك، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا قايتا ئارىلىشىشىمنى توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەسەرنى مەيلىگە قويۇۋېتىمەن، قايتا ئارىلاشمايمەن. ئەمما، كېيىنكى ئەسىرىمنى خۇددى ئالدىنقىسىدىكى مەلۇم بىر ئۇنتۇلغان ياكى ئاڭسىز بېسىۋېلىنغان بىر قىسمىنى قايتا تەگەشتەكمۇ ھېس قىلىمەن.

بۇنداق ئويدا بولۇشۇم ئېھتىمال مېنىڭ يېزىقچىلىقىمنىڭ مەركىزى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى چالا مىللەتتۇر. ئۇ ئاخىرلاشمىغان بىر مىللەتتۇر — ئۇنىڭ ئەركىنلىك چۈشى تېخى ئاخىرلاشمىدى؛ ئۇنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى نالە پەريادى كۆتەرتكۈزگەن يۈز يىللىق ئۇيقۇسى تېخى ئاخىرلاشمىدى؛ ئۇنىڭ رايونۋازلىق، يۇرتۋازلىق ۋە گۇرۇھۋازلىقتىن ھالقىپ، ھەقىقىي بىر مىللىي گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانى تېخى ئاخىرلاشمىدى؛ تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇنى يوقىتىشنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قەتلىئام تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئۇيغۇرلارلا ئاياقلاشمايدىكەن، مېنىڭ يېزىقچىلىقىممۇ ئاياقلاشمايدۇ.

مانا بۇ مېنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىمدۇر.

ھېكمەتيار: پەلسەپىدە مەخسۇس ئوقۇغان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان،

ئەسەرلىرىنى ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان پەيلاسوپتىن بىر نەچچىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز. پەلسەپىگە قىزىقىدىغان، پىكىرنىڭ، ئىدىيەنىڭ كۈچىنى ھېس قىلالايدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن پەلسەپىگە ئائىت بىر نەچچە پارچە ئەسەر تەۋسىيە قىلغان بولسىڭىز.

**مەمتىمىن ئەلا:** بەزىلەر غەربتە پەقەت ئەپلاتوندىن ئىبارەت بىرلا پەيلاسوپ بار، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە شەرھ يازغۇچىلار دەپ قارايدۇ. بۇ بەكلا رادىكال، شۇڭا بىر تەرەپلىمە قاراش بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. چۈنكى، پەلسەپىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەر — بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى مەڭگۈلۈك مەسىلىلەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ — ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ پەلسەپىسىدە چوڭقۇر ئويلىنىلىپ بولۇنغان: مەسىلەن، ھەقىقەت، ئادالەت، گۈزەللىك، بەخت ـ سائادەت، ياخشىلىق، ھايات ۋە ئۆلۈم، قاتارلىقلار. شۇڭا، ئۇ مېنىڭمۇ ئۆمۈرلۈك پەيلاسوپۇمدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «فەدىئو» (روھ ھەققىدە)، «جۇمھۇرىيەت» ۋە «سىمپوزيۇم» قاتارلىقلار بار.

ئۇنىڭدىن سىرت، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، غەربتە مۇنداق بەش بۈيۈك پەيلاسوپ ئۆتكەن: ئەپلاتون، ئارىستوتېل، كانت، ھېگېل ۋە ھايدېگېر. بۇلارنىڭ ئىككىسى گرېك، ئۈچى گېرمان. مېنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پەيلاسوپلىرىم بۇ تىزىملىكتە يوق. ئۇلار نىتچې ۋە كەمۇ[1]. نىتچې غەربتە مېتافىزىكا ئاخىرلاشقان، ئاقارتىزم گۇمانلىنىشقا دۇچار بولغان ۋە ئاخىرىدا (نىتچېنىڭ نەزىرىدە) «خۇدا ئۆلگەن» بىر دەۋرنى — غايەت زور مەنىۋى قالايمىقانچىلىققا تولغان بىر دەۋرنى — يېڭى بىر «مەسىھ» يارىتىش ئارقىلىق قۇتقۇزماقچى بولىدۇ — «يۈكسەك ئادەم» (Übermensch). ئۇنىڭ بۇ دادىل ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ «زاراتۇسترا شۇنداق دەيدۇ» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ياۋروپانى زىلزىلىگە سالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ياۋروپانىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكۈم سۈرگەن خىرىستىيانچىلىقىغا تاكى شۇ چاغقىچە پەلسەپىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان تەنقىدنى بېرىدۇ ۋە مودېرنىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە نەزەرىيەۋى جەھەتتىن ئۇل سالىدۇ. ئۇ ئىنسانچىلىقنى، نوقۇل ھالدا ئەقىلگىلا ئەمەس، بەلكى ئىرادىگە، ھېسسىياتقا ۋە سەزگۈگە ئىگە ئىنسانچىلىقنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ يەنە ئىنسان مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا پسىخولوگىيەلىك كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ ۋە ھەتتا دىئاگنوز قويىدۇ. نىتچې ئۈچۈن ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھوقۇق ئىرادىسىدۇر. بۇ ئىرادە ئارقىلىق، ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى رېئاللاشتۇرۇشنى ئىستەيدۇ.

كەمۇ فرانسۇز پەيلاسوپى بولۇش سۈپىتى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياۋروپانىڭ ئىدىيە تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى. مەن ئۇنىڭ «يېگانە ئادەم» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يىگىرمە يېشىمدا ئوقۇغان. (ھازىر بىر ئىنىمىز ئۇنىڭ بۇ

[1] ئالبېر كەمۇ (Albert Camus) ـ مۇھەررىردىن.

ئەسىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تۈركچىدىن قايتا تەرجىمە قىلىپ چىقتى، ئەسەر پات يېقىندا نەشىر قىلىنىدۇ.)

ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى دەل ئۇنىڭ بۇ مەۋجۇتلۇق كەيپىياتى ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تىرەن ئىپادىلەنگەن ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ پەلسەپىنى ئەدەبىياتلاشتۇرغانلىقىدۇر. يەنى مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئىدىيەلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار ئارقىلىق «ئادەملەشتۈرگەنلىكى»، كونكرېتلەشتۈرگەنلىكى ۋە جانلاندۇرغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ «سىسىفىسنىڭ ئەپسانىسى» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن ئەسەردۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنۇ ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ: «بۇ يەردە پەقەت بىرلا ھەقىقىي كەسكىن پەلسەپىۋى مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتۇر.» ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى «ھاياتنىڭ ئۇنىڭغا بەكلا ئېغىر كەلگەنلىكىنى ياكى ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىنى» بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ، «خام خىيالدىن ۋە نۇرلاردىن مەھرۇم مۇنداق بىر كائىناتتا ئادەم ئۆزىنى ياتۋاش، يېگانە ھېس قىلىدۇ»، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «داۋاسى بولمىغان سەرسانلىقتا دۇچار بولىدۇ چۈنكى ئۇ يوقالغان ياكى ۋەدىلەنگەن ئۆيى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ». گەرچە، كامۇ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بىر ئەقلىي ھەرىكەت سۈپىتىدە رەت قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان ئاشۇنداق ھەرىكەتنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. ھەمدە، ئادەملەرنى ھايات شەپقەتسىز بولسىمۇ، ئۇنى چوقۇم چىدامچانلىق بىلەن ياشاشقا، ئادىمىي غۇرۇرىنى نامايان قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

بۇ چاقىرىقنى بىزمۇ ئاڭلىشىمىز كېرەك.

ھېكمەتيار: سىز ئۇنىۋېرسىتېتتا ئەدەبىيات ئوقۇغان. دېمەك سىز ھەم ئەدەبىيات، ھەم پەلسەپىدە كەسىپ ئىگىسى. ئەدەبىياتنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بار. دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەر بىر يازغۇچى ماڭا بىر مۇتەپەككۇردەك بىلىنىشىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇۋاپىق رەۋىشتە ئوقۇپ تۇرۇش كىشىگە يېڭىچە ھېس-تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. ئەدەبىياتچىلار دۇنياغا باشقىچە كۆز بىلەن نەزەر تاشلايدۇ. مەن ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، شۇنداقلا دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاپتور چېكىۋاتقان ئازاب، ھەسرەتنى، ئاپتورنىڭ ئىنسانىيەتكە نەقەدەر چوڭقۇر مۇھەببىتى بار بىرى ئىكەنلىكىنى بايقايمەن. كۆپ قىسىم نادىر يازغۇچىلارنىڭ ئىنسان بالىسى تارتىۋاتقان ئازابتىن يۈيۈم-يۈم يىغلاپ كېتىۋاتقاندەك بىر مەنزىرە بەزى بەزىدە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنسان پىسخىكىسىنى نەقەدەر گۈزەل ۋە چوڭقۇر تەسۋىرلىۋېتىدىغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سىز رومانچىلىق ۋە ھېكايىچىلىكتە پېشىۋا بولغان يەرلىك ۋە دۇنياۋى يازغۇچىلار توغرىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ رولى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟ ئۇيغۇرلاردىكى

ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دۇنيا ئەدەبىياتى سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىشى ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى، بۇ جەھەتتە قانداق خىزمەتلەر قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايسىز؟

مەمتىمىن ئەلا: ھەرقانداق بىر يازغۇچى مەيلى ئۇ چەتئەللىك ياكى ئۇيغۇر بولسۇن، ئىنسانىيەتنىڭ چوڭقۇر ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى، قايمۇقۇشلىرىنى، قورقۇنچىنى، خۇشاللىقىنى ۋە پەخىرلىنىشلىرىنى تېگىدىن ھېس قىلالمايدىكەن ۋە ئۇنى ئىپادىيەلمەيدىكەن، ئۇنى ھەقىقىي يازغۇچى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، يازغۇچى مەڭگۈ ئادەمنى يازىدۇ — ئادەم ھەم يەككە ھەم ئومۇمىيدۇر. ئۇ يەككىلىكى بىلەن مەلۇم بىر مىللەتكە، كۈلتۈرگە ۋە دەۋرگە مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ شەخسىيىتى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۇشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكلىرى، ئەخمەقلىقلىرى ۋە سۆيگۈلىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇ ئومۇمىيدۇر — ئۇ بىر پرىزمادەك، ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرلىك مەسىلىلىرىنى تۈرلۈك شەكىلدە خۇددى ئۇنىڭدىن ئۆتكەن رەڭلەردەك ئىپادىلەيدۇ. بىر پارچە ئېسىل ئەدەبىي ئەسەر بىزنى مۇنداق بىر مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ: يەككە ئادەم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ۋە ئىنسانىيەت ئارقىلىق يەككە ئادەمنى كۆرۈش.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەدەبىياتتىن ھاياتنىڭ تىنىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن — ئۇنىڭدا ھاياتنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بولغىنىدەك، يەنە ئۇنىڭ شادلىقلىرى ۋە كۈلكىلىرىمۇ بولىدۇ. بۇ مەنىدىن، ئەدەبىيات ھاياتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر خىل ھايات شەكلىدۇر — ئىنساننى ياشىتىدىغان ۋە ئىنسان ياشايدىغان. بۇ ھەقتە بۇ يىل نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن لۇئىس گلۈكنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى دېگۈم كېلىدۇ: «شېئىرىيەتنىڭ ھاياتتىن ئۇستۇنلۈكى شۇكى، شېئىرىيەت ئەگەر ئۆتكۈر بولسا، ئۇزاق داۋاملىشىدۇ.» مېنىڭچە ئۇلارنى ئاداققى نۇقتىدا ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ — ھەر ئىككىسى بىللە داۋاملىشىدۇ.

مەن ھازىر تولستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا» دېگەن رومانىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئوقۇۋاتىمەن. روماندا ئىنسانىنىڭ روھىنىڭ ئۇ قەدەر ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىشىدىن شۇ قەدەر ھوزۇرلاندىم. بۇ بىر بۈيۈك پىسخولوگىيەلىك رومانىدۇر. ئۇنىڭدا بىر دەۋرنىڭ روھىيىتىنىڭ پاجىئەسى بىر ئايالنىڭ —ئ انا كارىنىنانىڭ — پاجىئەسى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. بۇ رومان دوستويېۋسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» رومانى بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك كۈلتۈرەل ئۇتۇقلىرى سۈپىتىدە يادلىنىدۇ، قايتا قايتا ئوقۇلىدۇ ۋە ھەر بىر كىتاپخان تەرىپىدىن كاللىسىدا قايتا يارىتىلىدۇ.

تولستوينى ۋە دوستويېۋسكىنى چوڭقۇر ئوقۇغان بىر ئۇيغۇر ئوقۇرمەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇلارنى ھەقىقىي ئۆرنەك قىلالىغان بىرەر ئۇيغۇر يازغۇچىسىنى تاپالماي قالىدۇ. ئەمما، بىلگىنىمىزدەك، بىزدە گوركىنى، ئوستروۋېسكىنى ۋە بەزىدە شولوخوپىنى تەقلىد قىلىپ باققانلار كۆپتۇر. ئۇلارنىڭكى ھەقىقىي ئەدەبىيات ئەمەس، ئۇلارنى دورىغانلارنىڭ تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىن ئىنسانىيەتنى ئەڭ تەگ-تەگلىرىدىن يازالىغانلاردىن پەقەت ئىككىلا كىشىنى

**كۆرستەلەيمەن — پەرھات تۇرسۇن ۋە غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت. بىرى يازغۇچى ۋە شائىر، يەنە بىرى پەقەت شائىر. قىزىق يېرى، ھەر ئىككىسى تۇغۇلغان يۇرتىدىن ئايرىلىپ باقمىغان. ئەمما ئۇلار روھىدا دەرۋىشلەردەك ياشىغانلاردۇر. ھەممە يەرنى غايىپتەك كېزىپ چىقالىغانلاردۇر. شۇنداقلا، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ چۈشىنى كۆرەلىگەن، يىغىسىنى يىغلىيالىغان ۋە كۈلكىسىنى كۈلەلىگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەقىقىي ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدۇر.**

ھېكمەتيار: ماتەم تۇتۇۋاتقان كىشى قانچىلىك ھەسرەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەت ئىلكىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېمەك-ئىچمەككە موھتاج. ئۇنىڭ ھازىدارلىقى ئۇنى يېمەك-ئىچمەكتىن بىھاجەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ماتەمدار ئۇيغۇر خەلقى دۇشمەنگە قارشى كۈرەشكە بوشاشماي ئاتلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ئامالىلارنى قىلىپ يارىسىغا مەلھەم تېپىشقىمۇ بەك موھتاج. ھازىدارنىڭ ئازابى قانچە يۇقىرى بولسۇن، يېمەككە موھتاج بولغىنىدەك، بىزنىڭ ماتەمىمىز قانچىلىك داۋاملاشسۇن بىز يەنىلا كىتاب ماتېرىياللارغا موھتاج. بىز مەنۋىيىتىمىزنى كىتاب ئارقىلىق بېيىتىپ، يارىمىزغا كىتاب ئارقىلىق مەلھەم تاپالايمىز. مۇشۇ خىل ماتەملىك كۈنلەردە سىز قايسى تۈردىكى كىتابلارنى كۆپراق ئوقۇۋاتىسىز؟ كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت ئاجرىتالاۋاتامسىز؟ ئۇيغۇرلار كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىۋاتامدۇ؟ كىتابنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

**مەمتىمىن ئەلا: كىتاب دەرۋەقە روھنىڭ ئوزۇقىدۇر. كىتابسىز ھايات روھسىز ھاياتقا ئوخشايدۇ.**

**كىتاپ ئادەمنى تەربىيەلەپلا قالماي، ئۇنىڭغا يەنە خىرىس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا سوئال قويىدۇ، ئۇنى ئىزدەندۇرىدۇ ۋە ئۇنى ھەتتا كاللىسىدا سەرسان-سەرگەردان قىلىۋېتەلەيدۇ.**

**بەزى كىتاپلار ھاكىمىيەت تىكلەشكە، يەنە بەزىلىرى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا سەۋەب بولغان. بەزى كىتاپلار كۆيدۈرۈلگەن، يەنە بەزىلىرى مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. بەزىلىرىدە ھايات مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، يەنە بەزىلىرىدە ماماتلىقا تەلپۈنۈلگەن. بۇ مەنىدىن، كىتاپتىكى ئىدىيەلەر ئۆتكۈر پىچاققا ئوخشايدۇ. ئاۋايلىمىسا «ئۆلتۈرىدۇ»؛ ئاۋايلىسا، بىر ئۆمۈر ئەسقاتىدۇ.**

**كىتاپ ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق دەۋرىدە يېزىلىپ ۋە ئوقۇلۇپ كەلگەن. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ ئىنسانىيلىقىمىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ رېئال شەكلىدۇر. كىتاپ بىزنىڭ ئويلىيالايدىغان جانلىقلىقىمىزنى تەھقىقلەيدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوبيېكتلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنداقلا، ئۇ بىز بىلەن ھايات ئۆتتۈرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم كۆۋرۈكتۇر.**

**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئۇرۇش ئاكوپلىرىدا جېيىن ئوستېيىننى تالىشىپ ئوقۇغان. چۈنكى، رېئاللىقنىڭ قاباھەتلىكىدىن ۋە باغرى قاتتىقلىقىدىن چارچىغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئەسكەرلەر مېھىر ئىزدىگەن. رومانتىكنى خام-خىيال قىلىغان. ئالتېرناتىپ رېئاللىقتا ئىنتىلگەن. ئوستىن ئۇلارغا بۇلارنى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بەرگەن.**

**يەھۇدىي قەتلىئامدا يەھۇدىيلار جازا لاگېرلىرىدا كىچىك تاماكا قەغەزلىرىگە شېئىرلارنى يېزىپ، تىقىپ قويغان. ئۇلار شېئىردىكى گۈزەللىك بىلەن ئۈمىدنىڭ زوراۋانلىقتىنمۇ ئۇزاق داۋاملىشىدىغانلىقىغا ۋە ئادەم**

**قەلبىنىڭ زوراۋانلىق بويى سۇندۇرالمايدىغان قىسمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنگەن. بولمىسا، ئۇلار ئۆلۈمنىڭ قۇچىقىدا قاپىيەلىك سۆزلەرنى مەلۇم شەكىلگە كىرگۈزۈپ ئاۋارە بوپ يۈرمىگەن بولاتتى.**

**ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يەھۇدىي قەتلىئام ئەدەبىياتى بارلىققا كەلدى. قاباھەتلىك قەتلىئامنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى تىلغا — يەنىلا ئاجىز كېلىدىغان ئەمما ئۆزىدىن بۈيۈكرەك باشقا بىر ۋاستىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان تىلغا — ئېلىنغان، ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن، ئىپادىلەنگەن.**

**ئېسىمىزدە بولسۇنكى، قىرغىن قىلىنىۋاتقانلار ۋە قىلىنغانلار ئۈچۈن، يېزىقچىلىق ئادالەت ئىزدەشنىڭ يولىلا ئەمەس، بەلكى يەنە روھنى پاكلاشنىڭ ۋە قۇتۇلدۇرۇشنىڭمۇ يولىدۇر. بىز شۇڭا يېزىقچىلىق قىلىشىمىز كېرەك. ھېچ بولمىسا، قىرىلىۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ.**

**سېرۋانتېس «دونكىخوت» نى تۈرمىدە يازغان. نيۇتوننىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى ۋابا مەزگىلىدە ئۇ ئۆيىگە بېكىنىپ قالغاندا يېزىلغان.**

**دېمەك، ھەرقانداق بىر ۋابا، قاباھەت ۋە قەتلىئام ئىنسانىنىڭ ئويلاش، ئوقۇش ۋە يېزىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئىپتىدائىي ئەقلىي قوزغىلىشىنى توسۇپ قالالمىغان.**

**ئۇيغۇرلارمۇ ھەم شۇنداق. قەتلىئام بىز ئۈچۈن بىر مۇدھىشلىق —تەسۋىرلىگۈسىز بىر مۇدھىشلىق، ئىنسانىيسىزلىقتۇر. ئەمما يېزىش، ئۇنى يېزىپ چىقىش، بىز قىلالايدىغان ئەڭ ئىنسانىي بىر خىزمەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆگەنگەنلىرىمىز بويىچە يېزىشىمىز — پەن ھەققىدە، ئىلاھىيەت ھەققىدە، ئۆزىمىز، باشقىلار ۋە دۈشمىنىمىز ھەققىدە توختىماي يېزىشىمىز كېرەك.**

**دۇنيا كۆز يېشىغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما ئۇ يېزىلغان كۆز يېشىنى ئوقۇشقا قىزىقىدۇ. شۇڭا، دۇنيانى كۆز ياشلىرىمىز بىلەن قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا مەجبۇرمىز. بۇ شۇنداق بىر مەجبۇرىيەتكى، بىز ئۇنىڭدىن باش تارتالمايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن باش تارتىشقا ھېچ باھانىسى يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن. بىزگە بېرىلگىنى مۇنداق بىر ئاددىي ئەمما شەپقەتسىز تاللاشتۇر — يا ياز، يا يېزىل.**

ھېكمەتيار: بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش ئانچە ئاسان ئەمەس. مەن چەتئەلدە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر نۆۋەتتىكى ھالىتىنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى جاراھەتلەنگەن، تامىنىڭ بۇلۇڭىغا بېرىپ ئازاب چەككەچ جاراھىتىنى يالاپ ساقايتىۋاتقان بىچارە مۈشۈكلەرنىڭ ھالىتىگە ئوخشىتىپ قالىمەن. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئۇيغۇر دەردىنى ئۆزى بىلىپ ياشاۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللار مابەينىدە دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۇيغۇرلاردىن خېلى يامان ئەمەس خەۋەردار بولدى. بۇ جەرياندا مەن ئۇيغۇر دېگەن ئىسىم ئىززەت-ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ يېگىچە سىمۋولىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. دۇنيادىكى ئىنساپلىق كىشىلەر بىزنى زۇلۇمغا، قۇل قىلىنىشقا ئۇچرىغان، ئىززەت ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغان، ياردەمگە موھتاج بەختسىز مىللەت دەپ قاراۋاتىدۇ. ياپون دېيىلسە دۇنيانىڭ كۆز ئالدىغا تىرىشچانلىق، پەن-تېخنىكا كېلىشى

مۇمكىن. گېرمان دېيىلسە چىدامچانلىق، قەيسەرلىك، پەلسەپىۋىيلىك ۋە زامانىۋىيلىق كېلىشى مۇمكىن. ختاي دېيىلسە ئىنساپلىق كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا قانخورلۇق ۋە ۋەھشىيلىك كېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار دېيىلگەندىچۇ؟ ئاجىزلىق، ئىززەت-ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىش، قۇل قىلىنىش كېلىشى مۇمكىن. دۇنيا ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھەممە ئاجىزلىقلار ۋە بىچارىلىكلەر زاھىر بولۇشى مۇمكىن. مەن مۇشۇنداق قارايمەن. بىلىشىمچە سىزنىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقىنىڭىزغا يىگىرمە يىل بولدى («تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە» دېگەن كىتابىڭىزدىن ئېسىمدە قېلىشىچە شۇنداق.) سىز چەتئەلدە ياشاۋاتقان بۇ يىگىرمە يىل جەرياندا دۇنيا ئۇيغۇرلار ھەققىدە نېمىلەرنى بىلدى، ئۇلارنىڭ بىز ھەققىدىكى تونۇشى قايسى لېنىيىدە تەرەققىي قىلدى، ئۇلار بىز ھەققىدە نېمىلەرنى پىچىرلىشىۋاتقاندۇ؟ ئۇيغۇرنىڭ بىر ئەزاسى بولغان سىزگە خىزمەتداشلىرىڭىز يېقىنقى چاغلاردا كۆڭۈل بۆلۈپ باقتىمۇ؟

**مەمتىمىن ئەلا: ئەڭ قورقىدىغىنىمنى سوراۋاتىسىز. مۇشۇنداق مېڭىۋەرسەك، تاڭلا ئەتە «قۇل مىللەت» دېگەن يامان ئاتاقتا قالمايمىز دېيەلمەيمەن. تېخى يېقىندا سىدنىيغا ختايدىن كەلتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش يېڭى پويىزلارنىڭ «ئۇيغۇر قۇللار» (Uyghur slaves) تەرىپىدىن ياسالغان بولۇشى قىياس قىلىنىپ ئاز-تولا مۇنازىرىلەر بولدى. دىققىتىمنى تارتقىنى «ئۇيغۇر قۇللار» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئاۋستراليەدىكى بىر مەتبۇئاتتا بىمالال قوللىنىلىشىدۇر. بۇنىڭغا نارازىلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئۇلارغا خەت يازدىم. ئەمما، ئىچىم ئاچچىق بولدى ۋە شۇنىڭغا چىن پۈتۈشكە مەجبۇرلاندىمكى، بىز بارا-بارا ئار-نومۇسى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان بىر مىللەتلىك ئوبرازىنى ئېلىپ قالدىغاندەك قىلىمىز.**

**دۇنيادا بەدەلسىز ياردەم بولمايدۇ. بىزگە قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئىچ ئاغرىتىشمۇ ھەم. بىزگە ئىچ ئاغرىتىلىۋاتقاندا، ئەلۋەتتە كۆڭلىمىز ئېلىلىدۇ. ئەمما بۇ كۆڭۈل شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچ ئاغرىتقۇچىنىڭ بىزدىن ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدۇ. قاتتىق ئېيتسام، بىز ئۆزىمىزنى يەرگە بىر ئۇرغاندەك بولغاندا، بۇنداق ئىچ ئاغرىتىشلارنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىنى كۆرەلەيمىز.**

**ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ھازىر كەڭ كۆلەملىك ھېسداشلىققا موھتاج. قەلبىمىز مۇزلاپ كەتتى. ئىنسانىيەتتىن بىزىپ كەتتۇق. ھەرقانداق بىرىنىڭ كىچىككىنە تەسەللىسى بىزگە ئالەمچە كۈچ بېرىدۇ. چۈنكى روھىمىز قاتتىق چۈشتى. بىز تاشلىۋېتىلگەندەك، سېتىلغاندەك، ئالدانغاندەك، ۋە قارغىشقا كەتكەندەك ھېس قىلىمىز. بۇ بەكلا قورقۇنچلۇق بىر كوللېكتىپ ھېستۇر.**

**ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېسداشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېسداشلىقنى ئويۇنغىمۇ، ھۈنەرگىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، بىر دېۋانە ھېسداشلىق ئويۇنى بىلەن جان باقىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ ھېسداشلىقنى كەلتۈرىدىغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ — ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىدۇ، مېيىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئاچ-زېرىن كۆرسىتىدۇ. يەنى ھېسداشلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئويۇنىنى ئوينايدۇ. مەن ئارىمىزدىن بۇنداق ھېسداشلىق دېۋانىلىرىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.**

**ئەلۋەتتە شارائىتىمىزنىڭ قورقۇنچلۇقى بىزنى ھەر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇنى بىلىمەن. ئەمما، پەقەت ھېسداشلىققىلا تايىنىۋېلىش بىزنىڭ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇلدۇرۇشتەك ئۆزلۈك مەسئۇلىيىتىدىن ساقىت قىلىدۇ. ئاخىرىدا بىز سىياسىي قۇللۇققىلا ئەمەس، بەلكى پسىخولوگىيەلىك قۇللۇققا — ھېسداشلىق ئىزدەش قۇللۇقىغا — پاتىمىز. ئەنە شۇ چاغدا، ھازىر ئۇ يەر، بۇ يەردىن بىزگە قىلىنىۋاتقان ھېسداشلىقلار بىزارلىققا، كەمسىتىشكە ۋە يەكلەشكە ئايلىنىدۇ. ئاندىن بىز ئىچىمىزدە ئۆزىمىزدىن بىزار بولۇشقا، ئۆزىمىزنى كەمسىتىشكە ۋە ئۆزىمىزدىن ۋاز كېچىشكە چۈشىمىز.**

**بۇ ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى رەت قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. پەقەت تەكىتلەيدىغىنىم باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقى ئۇزاققا سوزۇلسا، بىز روھىي جەھەتتىن گۇمران بولىمىز. شۇڭا، ئۆزىمىزنى سۆيۈشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. يوقىتىش ئىچىدە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇلدۇرمىساق بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە بىلىم كېرەك، ئىقتىساد كېرەك، ھۆر روھ كېرەك ۋە ساغلام جەمئىيەت كېرەك. بۇنى بىزگە ھېچكىم تەل قىلىپ بەرمەيدۇ. ئۆزىمىز تىرىشمىساق بولمايدۇ.**

ھېكمەتيار: سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق. شەخس سۈپىتىدە باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىغا تەلمۈرۈش روھىي چاكىنىلىقنى مەنبە قىلغان. قەۋمگە بولغان ئىچىنىش سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتۇلۇشىغا يول تېپىشنىمۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇشتىكى ئامالسىز باسىدىغان قەدەملەردىن بىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلىرىنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىتىپ تۇرۇشنى ئەگەر ھېسداشلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلساق سىز دېگەندەك سەلبىي ھادىسە يۈز بېرىدۇ. ئەگەر، ئۇنى خىتاينىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىدىغان دەلىل-ئىسپات بولىدىغانلىقى جەھەتتىن قىلساق، ئەڭ كامىدا خىتايىنى مات قىلغان، خىتاينىڭ يالغان ئاخباراتىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ كېتىش ئالدىدىكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنى مەلۇم نىسبەتتە بولسىمۇ ئۆزىمىز تەرەپتە ئېلىپ قالالايمىز. مەن مۇشۇنداق ئويلايمەن. يۇقىرىقى سۆزلىرىڭىزگە مۇشۇلارنى قىستۇرما قىلغۇم كەلدى.

يەنە بىر سوئالىم بار: ئادرىيان زېنز خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى قىسىشى، قىز ئاياللىرىمىزنى تۇغماس قىلىۋېتىشى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. (بۇ دوكلاتنى ئۇيغۇرلار ژۇرنىلىدا تولۇق تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق.) دۇنيا خىتاينىڭ ۋەھشىيلىكىنى بۇ ئارقىلىق يەنىمۇ بىر بالداق چۈشەندى. بىزگە قىلىنغان ۋەھشىيلىكلەرنى خەق ئىلمىي ماقالە-دوكلاتلار بىلەن دۇنياغا بىلدۈرۈۋاتقان بۇنداق بىر دەۋردە، ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار، زىيالىيلار بۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىپ بەزى يېڭىلىقلارنى يارىتالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، بۇ تېخى ۋۇجۇدقا چىقىپ باقمىدى. زىيالىيلار بىر مىللەتنىڭ ئىدىيە پاراۋوزى. زىيالىيلار مىللەتنىڭ بايلىقى. سىز ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى غوللۇق زىيالىيلىرىمىزدىن بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، باشقا زىيالىيلىرىمىزغا نېمىلەرنى تەۋسىيە قىلىسىز؟ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا قۇتۇپلىشىش، گۇرۇھۋازلىق ھادىسىلىرى بار دەپ

قارامسىز؟ ئەگەر بار بولسا بۇنىڭ قانداق سەلبىي ئاقىۋىتى بولىدۇ. نەچچە يىللار ئاۋۋال بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى يىغىپ يىغىن ئۇيغۇشتۇرغىنىڭىز ئېسىمدە. بۇ خىلدىكى يىغىلىشنىڭ كېيىنكى راۋاجى قانداق بولىدۇ، بۇ خىلدىكى زىيالىيلار ئۇچرىشىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھازىرمۇ تەكىتلەمسىز؟

**مەتمىن ئەلا:** ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ تراگېدىيەسىنىڭ بىرى مۇنداق بولۇپ كەلدى: زىيالىيلىرىنىڭ يۈرىكى يوق، يۈرىكى بارلىرىنىڭ زىيالىيلىقى يوق. بىر جەمئىيەتتە ئەگەر زىيالىيلار قورقۇنچاق ۋە شەخسىيەتچى بولسا، ئۇ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋىژدانى بار، ئەمما دىتى يوق قارامالارغا قالسا، بۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىش ئالدىراپ ئاللىبۇرۇن قىيىن بولغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىرى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھەر ۋاقىت تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھامان بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، تامدىن بىخەتەر تەرەپكە سەكرەشنىلا ئويلاپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىر سەۋەبى شۇكى، ئۇلار خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كېلىشتۈرۈشكە سېلىندى. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كاللىسى يۇيۇلدى، ئاندىن ئۇلار خەلقنىڭ كاللىسىنى يۇيۇشقا سېلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ رولنى بىلىپ - بىلمەي، خالاپ - خالىماي ئالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ 50 - ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى قارشىلىق روھىي ۋە مەنىۋىي مۇستەقىللىقى بارا - بارا يوقىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىدە پۇرسەتپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى يېتىلدۈردى. چەتئەلگە چىققانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى دەل مانا مۇشۇ ئىللەتلەر بىلەن چىقتۇق. مۇشۇنىڭ بىلەن ھېلىھەم ياشاۋاتىمىز.

ئۈچىنچىسى، 90 - يىللاردىن باشلاپ، پەننىي زىيالىيلارنىڭ ئورنىنى بارا - بارا دىنىي زىيالىيلار ئىگىلىدى. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، پەننىي زىيالىيلار ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىنى 80 - يىللاردا قۇردى، ئەمما تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاشۇ ئىدىئولوگىيەنىڭ ساقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كۈچىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار خەلقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەگەشتۈرەلمىدى. بۇ بوشلۇقنى دىنىي زىيالىيلار تېزلىكتە تولدۇردى. پەننىي زىيالىيلار مىللەت كۆتكەندەك بەدەلنى كۆپ ھاللاردا بېرەلمىدى. دىنىي زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى بۇ بەدەلنى تۆلىدى. ئەمما يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ قىرىلىشىغا بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق سەۋەب بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىھاتچىلىق ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازدۇرۇلۇپ، ئاۋۋال ئافغانىستاندا، ئاندىن سۈرىيەدە تېررورچى ئاتىلىپ خىتاي قەتلىئامى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر دەستەك بولدى. بۇ ئاشقۇن ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى سىرلىق دىندارلارنىڭ كۆپ قىسمى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇلار ھېلىھەم ئۇيغۇرلارنى يېڭىدىن يېڭى ئوتلارغا تىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۈنىرى ئۇيغۇرلارغا قىيامەت ۋە دوزاختىن قورقاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كونترول قىلىشتۇر. يەنى ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئۇ دۇنيادىكى دوزاخ ئازابىدىن قورقۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ دۇنيادا يەكلەپ ۋە چەكلەپ يالغۇزلۇقتىن قورقۇتۇپ، ئۇلارنى كاللىسىدىن

**ئىدارە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاستىسىنىڭ قەبىھلىكى كوممۇنىستلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ — ئۇلار پەقەت خەلقىمىزنى قورقىتىپ، كاللىسىنى يۇيۇپ، ئۆزىگە شەرتسىز ئەگەشتۈرسىلا بولىدۇ.**

**بۇ دېمەك، ئۇيغۇرلار كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزىنىڭ روھىغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىدىن قانچىلىك قۇتۇلۇشنى ئىزدىسە، ئارىمىزدىكى بۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىنمۇ شۇنچىلىك قۇتۇلۇشنى ئىزدىمىسە بولمايدۇ. بولمىسا خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قاچقان خەلقىمىز ئاخىرى بۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدە ۋەيران بولىدۇ. ھەر ئىككىسى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.**

ھېكمەتيار: ئۇيغۇرنىڭ تىل-مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە، ئۇيغۇر تىلىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يوللىرى قايسى؟

چەتئەلدە قولىغا قەلەم ئېلىپ مەيلى ئەدەبىي، مەيلى باشقا ساھەلەردە يېزىقچىلىق قىلىپ مىللەتكە ئەسەر سۇنىۋاتقان سۆيۈملۈك ياش قەلەمكەشلىرىمىزگە، شۇنداقلا ئىجادىيەتكە ۋە كىتاب-ماقالە يېزىشقا تەمشىلىۋاتقان ياشلارغا قانداق تەۋسىيەلىرىڭىز ۋە يۈرەك سۆزلىرىڭىز بار؟

**مەتمىن ئەلا: ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى بار دەپ قارالسا، بۇ پەقەت ياشلارنىڭ قولىدا. ئەگەر ياشلاردا بۇ ئۈمىد بار دەپ قارالسا، بۇلارنىڭ بىر قىسمىدىكى ئۇيغۇرلارنى نەچچە ئون يىللاردىن بېرى كونترول قىلىپ كەلگەن غۇرۇرسىزلىق، قورقۇپ ۋە دۈشمەنگە تايىنىپ ياشاشتىن ئارسىنماسلىقتەك ئىللەتلەرنىڭ كەملىكىدۇر.**

مەن ياشلاردىن نۇرغۇن يېڭى ئىدىيەلەرنى، رادىكال ئورۇنۇشلارنى، ئاجايىپ ئىجادچانلىقلارنى ۋە بىز قىلىپ باقمىغان تەۋەككۈلچىلىكلەرنى كۈتەتتىم. ئەمما، ھازىرچە بۇنى كۆپ كۆرەلمىدىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىھەم ئەركىن پىكىر قىلىشنى توسىدىغان بىر تۈركۈم دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئارىمىزدا بار. ياشلار بۇلارنىڭ بېسىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ، مەنىۋى كونتروللۇقىغا چۈشۈۋاتىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ھايات بولسا، ھېلىھەممۇ ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئارىدىن يۈز يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، دىنىي ئەسەبىيلىك ھېلىھەم بىزنىڭ پىكىر قىلىشىمىزنى توسۇپ ۋە بوغۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇلارغا نەچچە ئەسىر قۇلاق سالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزگە جاھالەتلا بېرىدۇكى، ئەركىن پىكىر ۋە ھۆر ئىرادە بەرمەيدۇ. ئەگەر بىز بۇلارغا سۈكۈت قىلساق، يەنە يۈز يىلدىن كېيىنمۇ، ئەگەر مەۋجۇت بولساق، ئەھۋالىمىز يەنىلا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەۋرىدىن قېلىشمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ داۋاملىششى بولىدۇ خالاس. ئۇ زامان مەن ئۇيغۇرلاردا ھەقىقەتەن مەنىۋى ئەركىنلىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولغان ئىلمىي تەنقىچىلىك روھىنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىمەن. ئەگەر بۇنداق روھ بولمىسا، بىز نېمىشقا ۋە نېمىگە ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئىزدەيمىز؟ بىز زادى ئەركىنلىككە ئەرزىمدۇق؟

مېنى يەنە بىر ئەندىشىلەندۈرىدىغان يەنە بىر ئىش نۇرغۇن ياشلارنىڭ چوڭلارغا بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىشىدۇر. بۇ دېگىنىم بۇ ياشلار بىزدىكى ئىللەتلەرنى، روھىي بويۇنتۇرۇقلارنى ۋە

**قابىلىيەتسىزلىكلەرنى تەكرارلاۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بىر مىللەتنى نەس بېسىش ئۇنىڭ ياشلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن رادىكال بولمىسىمۇ كۆرۈنەرلىك پەرقلەنمەستىن، ئۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىشىدۇر. مەن بۇ ياشلارنىڭ ئۆزىنى يارىتىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىنى قايتا يارىتىدىغان يېڭى بىر ئەۋلادنى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.**

**مەلۇم مەنىدىن، بىز چوڭلار مەغلۇب بولغان بىر ئەۋلادقا ۋەكىللىك قىلىمىز. بۇ ياشلارنىڭ بىزنى دورىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىزنى دوراش مۇقەررەر هالدا مەغلۇبىيەتلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنى قايتا تەجرىبە قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.**

**ئاخىرىدا ياشلاردىن بىرلا نەرسىنى ئۈمىد قىلىمەن — ئەركىن پىكىر قىلىشنى ئۆگەن. ئەقلىڭنى ئىشلەت. ئۆزۈڭنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قۇدرەتنى رېئاللاشتۇر.**

**يا يارات، يا يارال—باشقا تاللاش يوق.**

**ئەگەر هازىرقى كىرىتىكال ۋاقىتتا بىز ئەقلىي پوزىتسىيەگە، تەنقىدىي پىكىرگە ۋە جەسۇرانە ئىرادىگە ئىگە يېڭى بىر ئەۋلادنى يەنىلا كۆرەلمىسەك، يېتىلدۈرەلمىسەك بىزنىڭ كەلگۈسىمىزدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. هازىر بىز چوڭلار ۋە ياشلار قولمۇ قول بىر ـ بىرىمىزنى قوللاپ، ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىر دەۋردۇر.**

هېكمەتيار: زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، پىكىرلىرىڭىزنى خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلاشقانلىقىڭىز ئۈچۈن رەهمەت ئېيتىمەن، ئىشلىرىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

ئوقۇرمەنلەر سەمىگە: ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنالدۇر. ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقىم قائىدە-پىرىنسىپلىرى بار بولۇپ، بۇ پىرىنسىپلارنىڭ هەممىسى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ بەلگىلەنگەن. ژۇرنالنى ئۇيغۇر پروجەكتى فوندى مەسئۇل بولۇپ چىقىرىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلەر ژۇرنالنى ئۇيغۇر پروجەكتى فوندىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ژۇرنال دەپ چۈشىنىپ قالغان بولسا خاتالاشقان بولىدۇ. ئۇيغۇر پروجەكتى ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئوتتۇرىغا چىققان قۇرۇلۇش، ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى ئۇيغۇرلارنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ نەشىر قىلىنىۋاتقان نەشرىي بويۇمدۇر. ژۇرنال بىر يىلدىن ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى مەلۇم گورۇهقا يان بېسىشتىن، پىرقىۋازلىقتىن، گورۇهۋازلىقلارغا يېشىل چىراق يېقىپ بېرىشتىن ئىنچىل تۈردە ئۇزاق تۇرۇپ، پەقەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىشلەپ كەلدى.

بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ ئاساسى بىلىم-مائارىپتۇر. كىتاب-ژۇرنال بىلىم-مائارىپنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى ئۇيغۇرلارغا مەنپەئەتلىك پىكىر ۋە بىلىملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش يولىدا جاپالىق ئىشلەپ بۈگۈنگە كەلدى. ژۇرنالدا پىكىر، بىلىم ئىگىلىرى بىلەن سۆهبەت ئۆتكۈزۈش داۋاملىشىدۇ. ژۇرنالدا يەنە مۇهىم تارىخىي ۋەقەلىكلەرگە ئىشتىراك قىلغان تارىخىي شاهىدلار، بىز بىلەن سۆهبەتلىشىش ئارقىلىق ئۆز هېكايىسىنى بايان قىلىشنى خالايدىغان قېرىنداشلارغىمۇ ئورۇن كەڭرى. بىز چوڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان هالغا بىكاردىن چۈشۈپ قالمىدۇق. دەل خاتىرە قالدۇرۇشقا، يېزىشقا سەل قارىغانلىقىمىز سەۋەبلىك نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىزگە سىر پېتى قالدى. غەربتە مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان بىر پادىشاهنىڭ تاماقلىنىش ئادىتى توغرىلىق ئۇچۇر ئىزدىسەك، كۆپلەپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. ئەمما، يۈز يىل بۇرۇن ياشىغان ئەجدادىمىز توغرۇلۇق تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئېرىشەيلى دېسەك، ئىككى ئۈچ پارچە ئەسەردىن باشقا هېچنېمىمىز يوق. شۇلارنىڭ ئومۇمىسىنىمۇ يەنىلا باشقا مىللەتلەر يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا، يېزىشقا، بېشىمىزغا كەلگەن ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشقا سەل قارىمايلى. ئۆزىمىزنى بۇ ئارقىلىق تونۇيمىز ۋە بۇ ئارقىلىق كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تارىخ، تەجرىبە ۋە مىراس قالدۇرۇپ قويالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى ياخشى سەهنىدۇر.


رجال المجد الضائع
نىزامۇل
مۇلك
Nizamülmülk

# ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسەت ئاتىسى — نىزامۇل مۇلك

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەد نىياز

نىزامۇل مۇلك ئىسلامغا چىن ئىشىنىدىغان، ئىسلام تەلىماتلىرىنى مۇقەددەس بىلىدىغان، شۇنداقلا ئىسلام ئىلىملىرىگە مەھلىيا بىرى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغ شەخسلىرىنى قەدىرلەيدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ دىنى بىلەن دۆلىتى باباراۋەر بولۇپ، خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن بىر - بىرىنى تولۇقلىغاندەك، بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ئىدى.

-ئىسلام تارىخچىسى دوكتۇر ئەلى سەللابىي

**ئالەمشۇمۇل ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىدا، بارلىق مەدەنىيەتلەرگە ئوخشاش، غايەت زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بۈرۈلۈش نۇقتىسى ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان گېگانت شەخسلەر بار. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، بۇ ئۆزگىرىشلەر مەدەنىيەت مۇساپىسىنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي يۆنىلىش ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھالقىلىق مەشھۇر كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قېتىم «ئىسلام دۇنياسى ئەمدى تۈگەشتى! مۇسۇلمانلار ئەمدى قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ!» دېگەن چوقانلار ئالەمنى بىر ئالغاندا، تارىخنىڭ رېتىمى ۋە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان گېگانت شەخسلەر مەيدانغا چىققا.**

**بۇلارنىڭ ئىچىدە سالجۇقلار سۇلتانلىرىدىن ئىككىسىنىڭ (سۇلتان ئالپ ئارسلان ۋە ئوغلى مەلىكشاھ) باش ۋەزىرى بولۇپ ئوتتۇز يىل خىزمەت قىلغان سىياسىيون نىزامۇل مۇل نەسىرىددىن تۇسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىسلام سىياسىي تارىخىدا ئاز ئۇچرايدىغان يۈكسەك سىياسىي تالانت ۋە ئۆزگىچە ئىقتىدارنى تولۇق ئىسپاتلىغان كىشى.**

**ئۇنداقتا نىزامۇل مۇلك نەسىرىددىن تۇسى كىم ؟**

**ئۇنىڭ شەرق ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ يۈكسەك كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن ئورۇنغا لايىق بولغان ئەڭ مۇھىم تۆھپىلىرى قايسىلار؟ ئۇنىڭ دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان ساناقسىز ئۇتۇقلىرى قانداقسىگە بىردىنلا ئۇنىڭ ھاياتىنى پاجىئەلىك تېراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىششقا ئېلىپ باردى؟!**

## 1. ئۆسمۈرلۈكتىن نەۋقىرانلىققىچە: (نامراتلىقتىن ھۆكۈمدارلىققىچە):

**نىزامۇل مۇلكنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن ئەلى بىن ئىسھاق ئىبنى ئابباس تۇسى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1018 - يىلى 5 - فېۋرال (ھىجرىيە 408 - يىلى رامىزاننىڭ 17 - كېچىسى) تۇس ۋىلايىتىگە قاراشلىق كىچىك قىشلاقلارنىڭ بىرىدى بولغان نوقان ياكى ئىراننىڭ ھازىرقى تۈركمەنىستان چېگرىسىدىكى يىراق شەرقىگە جايلاشقان مەشھەد رىزا شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشقا بەزى قاراشلاردا ئۇ 1018 - يىلى 10 - ئاپرېل جۈمە (ھىجرىيە 408 - يىلى زۇلقەئىدىنىڭ 22 - كۈنى) دۇنياغا كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.**

ئۇنىڭ دادىسى دېھقان (ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ئاتامان ياكى ھۆكۈمدار مەنىسىدە)، يەنى تۇسقا تەۋە بەيھەق شەھرىنىڭ مۆتىۋەر رەھبىرى ئىدى. بۇ چاغلاردا خۇراسان رايونى غەزنەۋىلەرنىڭ تىزگىنىدە ئىدى. دېمەك، گەرچە ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك غەزنەۋى ئەمەلدارى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئائىلىق كىرىمى ئائىلىسىنىڭ ئائىلىق چىقىمىنى قامدىيالمايتتى. نىزامۇل مۈلكمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ قەھرىمان ئەزىمەت كىچىك چېغىدىن باشلاپلا بۇ دۇنيانىڭ قاتتىقچىلىقىنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك نىزامۇل مۈلك تېخى قۇچاقتىكى بوۋاق ۋاختىدىلا ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ دادىسى گەرچە چوڭ بىر شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى بولسىمۇ، بىراق پاك، دىيانەتلىك بولغاچقا، كەمبەغەللىكىدىن بۇ بوۋاقنى ئېمىتىپ بېرىدىغان ئىنىكئانا تەكلىپ قىلالمىغاچقا، ئوغلىنى كۆتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلاپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەقسىز ئېمىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئاياللارمۇ مەزكۇر ئوغۇلنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئېمىتىپ بېرىپ، دىيانەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ تىل قىسىنچىلىقىنى ۋە تەڭقىسلىقىنى تۈگەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاق كۆزىنى ئاچقاندىن باشلاپ نامراتلىق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ۋاز كەچمەس خاراكتېرى ۋە يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، تېزلا يادلاپ تۈگەتكەن. تارىخشۇناس ئىبنى ئەسىر ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:«ئۇنىڭدىكى خۇدانىڭ سىرى ئۇنى ھىممىتى يۈكسەك بولۇش ۋە ئىزچىل بىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا چاقىرغان. شۇڭا ئۇ دىنىي ئالىمغا ئايلانغاندىن سىرت، كامالەتكە يەتكەن يۈكسەك پەزىلەتلىك داڭلىق قانۇنشۇناس بولۇپ قالغان ».

ئۇ تۇغۇلغان يۇرتى « نوقان » دا پارس تىلىغا يانداشتۇرۇپ، ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئاندىن قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپكە ئائىت بىلىملەرنى، شۇنداقلا تىل ۋە گىراماتىكا ھەققىدىكى بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىگەن. دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە ئىبادەت ئۇسۇللىرىنى شافىئىي مەزھىپى بويىچە ئۆگەنگەن بولسا، ئەقىدە جەھەتتە « ئەشئەرى » مەزھىپى بويىچە تەلىم ئالغان. ئۇ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان چەكسىز سۆيگۈسى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىس شەرىپنى ئۆگىنىش ئىشتىياقى تۈپەيلىدىن، زاماندىشلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەدىس ئىزدەپ سەپەر قىلىشنى قارار قىلغان. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىران، ئىراق، خوراسان، رەي (تېھران)، ئىسپاھان ۋە نىشاپوردىكى پېشقەدەم ھەدىسشۇناس ئالىم - شەيخلەرنى بىۋاستە ئۇستاز تۇتۇپ، ھەدىس شەرىپ ئىلىملىرىدىمۇ ۋايىغا يەتكەن.

ياش نىزامۇل مۈلك بىلىم ئىگىلەش بىلەن بىرگە، دادىسىغا ياردەملىشىپ، تېزلا ئاۋام ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان. بۇ ئەھۋال غەزنەۋىلەر خان جەمەتىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. نەتىجىدە ئۇ تەكلىپ بويىچە غەزنەۋىلەر پايتەختى غەزنە شەھرىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش جەريانىدا تەجرىبىسى ئۆسكەندىن سىرت، تەڭتۇشلىرى ۋە خىزمەتداشلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلاردىن ئېشىپ كەتكەن.

بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئىمام زەھەبىمۇ: « ئۇ بارچە ھېساۋاتلاردا ئاخىرقى كېسىمنى چىقىرىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشتىكى تالانتى ھەيران قالارلىق پىشىپ يېتىلگەن زېرەك ۋە ئەقىللىق يىگىتكە ئايلاندى » دەپ ئېتىراپ قىلغان.

**2. داندانقان ئۇرۇشى ۋە سالجۇقلارغا باش ۋەزىر بولۇش:**

1040 ـ يىلى 23 ـ ماي سالجۇق ئوغۇللىرى قوشۇنلىرى چاغرىبەگ ۋە توغرۇلبەگنىڭ قوماندانلىقىدا مەھمۇد غەزنەۋى ئوغلى سۇلتان مەسئۇدنى داندانقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن غەزنەۋىلەر خۇراسان ۋە ئىراننى سالجۇقلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، سالجۇقلارنىڭ بۇ جايلاردىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بىراق سالجۇقلار تېخىمۇ كۆپ زېمىن ئىگىلىمەكچى بولغاندا، سۇلتان مەسئۇد دەرھال قاراخانىلار خاقانى سۇلتان سۇلايمان ئارسلانخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان. ئارسلانخان غەربىي ئىلىكخانغا تېزدىن سۇلتان مەسئۇدقا ھەمدەمدە بولۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سالجۇقلار ئەڭ تەپتارتىدىغان مۇھەممەد بۇغراخان زور قوشۇن بىلەن زەپەر قۇچۇپ ئالتايدىن قايتىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، ئاكا ـ ئۇكا سالجۇقلار سۇلتان مەسئۇدقا يەنىمۇ زەربە بېرىشكە پېتىنالماي، كېلىشىمدىكى بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرگە قانائەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

كېيىنچە قاراخانىلار قاغانلىقىدا چوڭ بالا ـ قازالار باشلىنىپ، خان جەمەتى ۋە دۆلەت ئەركانلىرى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ خاتۇن تەرىپىدىن زەھەرلەپ يوق قىلىنغاندىن كېيىن، سالجۇقلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربىي قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى مۇھىم شەھەر بەلخنى تارتىۋالغان. بۇ شەھەرگە ھاكىم بولغان كىشى سالجۇقلار خانزادىسى ئالىپ ئارسلاننىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ خېلىدىن بېرى نىزامۇل مۈلكنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم ئالىمنى ئۆزى بەلخكە چىللاپ كېلىپ، مىلىك تەستە سالجۇقلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قايىل قىلغان. ئاندىن ئۇنى دەرھال سالجۇقلارنىڭ دانىشمەن نائىب سۇلتانى چاغرىبەگ داۋۇتقا تەۋسىيە قىلغان.

(نامدا توغرۇلبەگ سۇلتان بولسىمۇ، بىراق دانا چاغرىبەگ يەنىلا سالجۇقلارنىڭ داھىيسى ئىدى). يۈسۈپ قادىرخانغا ياراپ كەتكەن چاغرىبەگ بۇ قېتىم ياش نىزامۇل مۈلكنىڭ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان جاسارەت ۋە سەممىيەت، يۈكسەك تالانت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەتنى بايقاپ قېلىپ، شۇ ھامان ئوغلى ئەبۇ شۇجا مۇھەممەدنى چاقىرىپ كېلىپ، ئوغلىغا: « بۇ كىشىنى دادا تۇتقىن. ئۇنىڭ پىكرىگە ھېچبىر ۋاقىت قارشى چىقمىغىن ! » دەپ تاپىلاپ، نىزامۇل مۈلكنى كېيىنچە داڭلىق سۇلتانغا ئايلانغان ئالىپ ئارسلانغا ئاتابەگ قىلىپ قويىدۇ.

خانزادە ئالىپ ئارسلانمۇ دادىسىنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە ئۇنى ھەم دادا ھەم ئۇستاز تۇتىدۇ. بۇ چاغدا نىزامۇل مۈلك تويپتوغرا قىرىق ياشتا، ئالىپ ئارسلان 28 ياشتا ئىدى. ئالىپ ئارسلان دادىسىغا ۋاكالىتەن خۇراساننى باشقۇرىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا نىزامۇل مۈلك ئىنچىل ئۇنى ئوبدان تەربىيىلەپ، كەلگۈسىدىكى لاياقەتلىك سۇلتان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئاردىن ئىككى يىل ئۆتمەيلا چاغرىبەگ 1060 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇل ئاناتولىيەگە كۆچۈش يولىدا قازا قىلغان. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان توغرۇلبەگمۇ 1063

- يىلى 4 - سېنتەبىر تۇيۇقسىز قازا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالجۇقىلاردا تۇنجى قېتىملىق دەھشەتلىك تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى باشلىنىدۇ.

**3. سالجۇقىلارنى قۇدرەت تاپقۇزغان باش ۋەزىر:**

نىزامۇل مۇلكنىڭ توغرا ۋە قالتىس دانا جەڭ تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدە باشقا بۆلگۈنچى سالجۇق ئوغۇللىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تارمار قىلغان ئەبۇ شۇجا مۇھەممەد 1064 - يىلى 29 - نويابىر ئۇنى رەسمىي ھالدا باش ۋەزىر قىلىپ تاللىغان. بۇ سۇلتان تارىختا ئالىپ ئارسلان دەپ ئاتالغان. ۋەزىرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا سالجۇقىلار ھاكىمىيىتى قايتىدىن قۇدرەت تېپىپ، بۇرۇنقى چاغلىرىدىنمۇ ھەيۋىسى ئېشىپ كەتكەن. بۇ جەرياندا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سۇلتان ئارسلان غەربىي قاراخانىلارنىڭ قۇرغۇچىسى تاۋغاچ ئىبراھىم بۇغراخان بىلەن تۇققانلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، بۇغراخاننىڭ ئامراق قىزى جالالىيە تۈركان خاتۇن (1053 - 1094) نى ئوغلى جالالىددىن مەلىكشاھقا ئېلىپ بەرگەن. ئۇندىن سىرت ۋەزىر بۇ بەش يىل ئىچىدە ئىككى چوڭ تەخىرسىز مۇھىم ئىشنى قىلغان. بىرى، ئۆزىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ۋە ئۇنىۋېرسال بىلىمى ئاساسىدا خۇلاسىلەپ چىققان تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تېخى ھازىرغىچە ئوخشىشى چىقىپ باقمىغان يېتۈك ئەسەر « مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىق دەستۇرى - سىياسەتنامە » نى يېزىپ چىققان. يەنە بىرى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى خاراپ قىلىش قەستىدە بولۇۋاتقان مىسىردىكى ئازغۇن پاتىمىيلار سۇلالىسى (907 - 1171) پۈتۈن كۈچى بىلەن تارقىتىۋاتقان شىئە مەزھىپى ۋە ئازغۇن دىنىي پىكىرلەرگە قارشى قۇرۇپ چىققان « نىزامىيە مەدرىسىسى » بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە 1065 - يىلى باغدات ۋە نىشاپۇردا قۇرۇلۇپ، 1067 - يىلى سېنتەبىردە ئوقۇش باشلىغان بۇ ئالىي مەكتەپ تېزلا سالجۇقىلار تەۋەسىدىكى ھەممە جايلارغا كېڭەيتىلگەن. نەتىجىدە باش ۋەزىر پەقەت سالجۇقىلار سەلتەنىتىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمايدىغان ناھايىتى خەتەرلىك بىر پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. سىياسەتنامە ۋە نىزامىيە مەدرىسلىرى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختالمىغاندا مەزمۇننى تولۇق يورۇتقىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا شۇنچىلىك توختالدۇق.

**4. ئالىپ ئارسلاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى مالىمانچىلىقنى تىنجىتىش:**

ئالىپ ئارسلانخان ئوغلى مەلىكشاھنى بەزى ھەربىي يۈرۈشلەرگە بىللە ئېلىپ چىقسا، بەزى يۈرۈشلەردە ئورنىغا نائىپ قىلىپ قوياتتى. مەقسىتى ئۇنى ھەم ئەسكىرىي ئىشلاردا ھەم ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا پىشۇرۇش ئىدى. ئەمما ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن مەلىكشاھ يەنىلا كىچىك كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىدا ئالىپ ئەرتۇڭا قانى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە دادىسى ئىبراھىم بۇغراخاننىڭ قېنى ئېقىۋاتقان خانىشى 17 ياشلىق تۈركان خاتۇن مەلىكشاھنىڭ بۇ جەھەتتىكى بارلىق ئەندىشىلىرىنى يوق قىلغان. ئەھۋال شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىۋاتقاندا، بىردىنلا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى غايەت زور قوشۇن بىلەن ۋان كۆلى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن. ئالىپ ئارسلان يېقىن ئەتراپتىكى ئازغىنە ئەسكەرلىرىنى ئاران توپلاپ، تېزدىن ۋانغا يېتىپ بارغان. 1071 -

يىلى 26 ـ ئاۋغۇست جۈمە كۈنى تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن « مالازگىرت ئۇرۇشى » سالجۇقلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن سالجۇقلار قىسقا مەزگىل ئەمىنلىك دەۋرىگە كىرىپ، تۈركان خاتۇن باغداتقا بۇخارادىن ھەر خىل سەرخىل كىشىلەرنى يۆتكەپ ئەكىلىپ، سالجۇقلارنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قامداشقا باشلىغان. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ دەل مۇشۇ مەزگىلدە تۈركان خاتۇننىڭ تەكلىپى بىلەن باغداتقا يېتىپ كېلىپ، 1072 ـ يىلى 25 ـ يانۋار قۇتلۇق دىۋاننى يېزىشقا باشلىغان. بىراق شۇ يىلى كۈزدە يۇقىرىقى غەلىبىسىدىن خېلىلا روھلىنىپ قالغان ئالپ ئارسلانخان غەلبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي قاراخانىلارنى ئۆزىگە تولۇق بېقىندۇرماقچى بولۇپ، 200 مىڭدىن ئوشۇق ئەسكەر بىلەن 22 كۈندە ئۇدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەن. ئاندىن شۇ جايدىكى قەلئەلەر قوماندانى يۇسۇپبەگ خارەزمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئەكسىچە ئۇنىڭ خەنجىرىدە جان بەرگەن. 1072 ـ يىلى 22 ـ نويابىر يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە سەلتەنەتلىك سۇلتاننىڭ ھاياتىنى پاجىئە بىلەن تۈگەتكەن. ئۇ 1060 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇل ۋاپات بولغان چاغرى بەگ داۋۇتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ مىكائىلنىڭ ئوغلى، ئۇ سالجۇقنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى 1028 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ پاناھىدا، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ قوللىشىدا خانلىق قۇرغان بولغاچقا، ئاتا ـ بالا قاراخانىلار قاغانلىقىغا قارىتا يامان نىيەتتە بولمىغان. ئەمما غەربىي قاراخانىلارنى بىۋاستە باشقۇرۇش ئىستىكى سۇلتاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان. سۇلتان ئالپ ئارسلان ئۆلۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ « كىمكى سەلتەنەتنى كۆككە تاقاشقان ئالپ ئارسلاننى كۆرمەكچى بولسا، مەرۋىگە كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ يەرگە دەپنە قىلىنغىنى كۆرىدۇ» دېگەن جۈملىنى قەبرە تېشىغا يېزىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئاندىن ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن ئوغلى مەلىكشاھنى سۇلتان دەپ جاكارلاپ، بارلىق قوماندانلارنى ۋەزىرى ئارقىلىق قەسەم قىلدۇرۇپ 24 ـ نويابىر ۋاپات بولىدۇ. مەلىكشاھ ئۇنىڭ مېيتىنى ئېلىپ، 22 كۈندە كەچكەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۈچ كۈندىلا چېكىنىپ كېتىدۇ.

مەلىكشاھ سۇلتان بولغاندىن كېيىن، باشقا سالجۇقلار بەگلىرى ئۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماي كەڭ كۆلەمدە ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئالپ ئارسلانخان ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارغا دۆلەتنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. ھالقىلىق پەيتتە ۋەزىر نىزامۇل مۈلك بىلەن تۈركان خاتۇن چىڭ تۇرۇپ يېڭى سۇلتان مەلىكشاھنى ساقلاپ قالىدۇ. 1074 ـ يىلغا كەلگەندە ئىچكى ئىسيانلار تىنجىتىلىپ، ئاباسىلار خەلىپىسى مەلىكشاھقا «جالالۇ دۆلەت»، تۈركان خاتۇنغا «جالالىيە خاتۇن» نامىنى، نىزامۇل مۈلككە بولسا بۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھېچبىر كىشىگە بەرمىگەن «ئەمىرۇل مۆئمىنىننى رازى قىلغۇچى » نامىنى بەرگەن. بۇندىن بۇرۇن «قىۋامۇددىن» ۋە «ناسىرۇددىن» نامىنى بەرگەن ئىدى. مەلىكشاھ تەختكە چىققاندا ۋەزىر 55 ياشقا كىرىپ قالغانىدى.

مەلىكشاھ ئىسيانلارنى تولۇق تىنجىتىپ بولۇپلا، قايتىدىن غەربىي قاراخان زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، تېرمىزنى ئېگىلىگەن. بۇ شەھەرنى قوغداۋاتقان تۈركان خاتۇننىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرمەستىن، ئەكسىچە ھۆرمەت بىلەن يولغا سېلىپ قويغان. ئاندىن ئۇدۇل سەمەرقەندكە

يۇرۇش قىلغان. ئەمما ناسىرخان ۋەزىر نىزامۇل مۇلكنىڭ ۋاستىسىدە سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالغان. سۇلتان شۇندىلا خۇراسان ئارقىلىق رەي شەھەرىگە قايتىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ مەزگىلدە مەلىكشاھنىڭ تەختىگە كۆز تىكىپ يۈرگەن قېرىندىشى ئىياز ئۆلۈپ كەتكەن. سۇلتانلىق تالىشىدىغان رەقىپلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن. مەلىكشاھ ئۇنىڭ تەۋەسىنى يەنە بىر ئىنىسى شاھابىدىن تەكەشكە بۆلۈپ بەرگەن. بۇ 1074 ـ يىل ئىچىدىكى ۋەقەلەر ئىدى. بۇ يىلى يەنە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ قاغانى مەھمۇد توغرۇلخان (يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى) ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى ئۆمەرخان قاغان بولغان. ئەمما كېسەلچان قاغان ئالتە ئاي بولمايلا ۋاپات بولغان. نەتىجىدە قاغانلىق تەختىگە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تاغىسى نائىب قاغان ھەسەن بۇغراخان (ھارۇن 2) ئولتۇرغان.

5. ۋەزىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىچكى ئۇرۇشنى ماھىرلىق بىلەن توسۇپ قېلىشى:

مەلىكشاھ غايەت زور قوشۇننى دادىسىغا ئوخشاش بىۋاسىتە قولىدا تۇتۇپ تۇرالمىدى. بۇ ئەھۋال باشقا سالجۇق خانزادىلىرىنىڭ ئۆز ئارا توقۇنۇش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىپ قويدى.

1086 ـ يىلى ئاناتولىيە سالجۇقلىرىنىڭ ئاقساقىلى سۇلايمان (مەلىكشاھنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، دادىسى قۇتۇلمىش ئىسيان كۆتۈرگەندە سۇلتان ئالىپ ئارسلان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. قۇتۇلمىش سالجۇقنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسرائىل يابغۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تۈرمىسىدە قازا قىلغان) ئەنتاكىيەگە ھۇجۇم قىلىپ، سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئىنىسى «تاجۇ دۆلەت تۇتۇش» قۇرغان سۈرىيە سالجۇقلىرى تەۋەسىگە كىرگەن. تۇتۇشبەگ دەرھال ئاتلىنىپ، نەۋرە ئىنىسى سۇلايماننى ئۆلتۈرگەن. ئاقىۋەت ئىككى جەمەت ئارىسىدا ماماتلىق ئۇرۇش چىقىش خەۋپى كۆرۈلگەن. نىزامۇل مۇلك دەرھال سۇلتاننى ئۆزى قوشۇن باشلاپ، ئاناتولىيە سالجۇقلىرى بىلەن سۈرىيە سالجۇقلىرىنىڭ بىۋاستە چېگرىسىنى بىكار قىلىپ، ھەلەب ۋە ئەنتاكىيەنى مەركەزگە باغلاش تەكلىپى بەرگەن. سۇلتان شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىنىسى ۋە جىيەنى ئارىسىدىكى ماماتلىق ئۇرۇشنى توسۇپ قالغان.

مەلىكشاھ بۇ قېتىم ئىنىسىگە بولۇشۇپ، ئاناتولىيە سالجۇقلىرىنى ئەدەپلىمەستىن، دەل ئەكسىچە ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆلۈپ كەتكەن سۇلايماننىڭ ئوغلى داۋۇتنى قوللاپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا تىغ تەڭلىمەي، شەرقىي رىم ئېمپېرىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ئىقتىساد ۋە ئەسكەر سەپلەپ بەرگەن. تەسىرلەنگەن داۋۇت دادىسىنىڭ ئىنتىقامىدىن كېچىپ، زور قوشۇن بىلەن ئاناتولىيەنىڭ غەربىگە يۈرۈش قىلىپ، 1087 ـ يىلى كونيانى قولغا ئالغان. شۇ چاغدىن باشلاپ كونيا ئاناتولىيە سالجۇقلىرىنىڭ پايتەختى بوپقالغان.

سۇلتان زەپەر قۇچۇپ، 1087 ـ يىلى مارتتا قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرۈپ ئۇدۇل باغداتقا كەلگەن. تۈركان خاتۇن تۇرىدىغان سەلتەنەت سارىيىدا بىر كۈن ئارام ئېلىپ، ئەتىسى چەۋگەن توپ ئويناپ، خەلىپىگە نۇرغۇن ھېيتلىق سوۋغىلارنى ئەۋەتكەن. ئەتىسى ۋەزىرى بىلەن مۇسا كازىم، ئەھمەد ھەنبەل، ئىمام ئەزەم قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مازىرىنى يوقلىغان. ئاندىن ۋەزىر بىلەن قىشلاقلارغا ئوۋغا چىقىپ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى ھۈسەيىن جان بەرگەن جايلارنى زىيارەت قىلىپ،

ئارقىدىنلا نۇرغۇن كىيىك ئوۋلاپ قايتىپ كەلگەن. ئاندىن خەلىپىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغان. بارلىق سالجۇق ئەمىرلىرى خەلىپىگە خىزمەتلىرى ھەققىدە يىلىلىق دوكلات بەرگەندىن كېيىن، نۆۋەت سۇلتانغا كەلگەن. خەلىپە سۇلتانغا پۈتۈن ئاباسىيلار تەۋەسىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەرگەن. خەلىپە سۇلتانىنى قولىنى سۆيۈشكە بۇيرىغاندا سۇلتان قوشۇلمىغان. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئۆزۈكىنى ئېلىپ ئۇزاتقان. شۇندىلا سۇلتان ئۆزۈكىنى سۆيۈپ ۋە كۆزىگە سۈرتۈپ قايتۇرۇپ بەرگەن. شۇندىلا خەلىپە سۇلتانغا ئىجازەت بەرگەن. سۇلتان مايغىچە ئىككى ئايدەك باغداتتا تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ سىياسىي پايتەختى ئىسپاھانغا كەتكەن. مەلىكشاھنىڭ بۇ زەپەرىدىن كېيىنلا، 1086 ـ يىل ئاخىرىدىن باشلاپ ئىككى ھەرەمدىكى مىسىر پاتىمىيلار خەلىپىسىنىڭ ئىسمى ئۆچۈرۈلۈپ، ئاباسىيلار خەلىپىسى مۇقتەدى بىئەمرىللاھنىڭ نامى تىرىلدى. پاتىمىيلار 909 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئاتاپ، 969 ـ يىلى ماراكەشتىن يۈرۈش قىلىپ مىسىرنى ئەينى ۋاقىتتىكى پەرغانە ئۇيغۇرلىرى قۇرۇپ چىققان ئىككىنچى مۇسۇلمان ئۇيغۇر دۆلىتى (تۇنجى دۆلەتنى ئۇيغۇر ئەھمەد ئىبنى تولۇن 867 ـ يىلى قۇرۇپ چىققان. ئۇنىڭ دادىسى دەل ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ توققۇز ئوغۇز گۇرۇھىغا تەۋە كىشى ئىدى. بۇخارالىق ئىدى)

ئىخشىدى سۇلالىسى (934 ـ 969) قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئارقىدىنلا ئاباسىيلارنىڭ زەئىپ ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، يۈز يىل ئىچىدە ھازىرقى پەلەستىن بىلەن سۈرىيە، مەككە بىلەن مەدىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. مەلىكشاھ دەۋرىدە پاتىمىيلار مەغلۇپ قىلىنىپ، قۇددۇس ۋە ئىككى ھەرەم قايتۇرۇپ كېلىنگەن. بىراق 1094 ـ يىلى تۈركان خاتۇن ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا سالجۇقلار پارچىلىنىپ كېتىپ، ئەھلى سەلىپ قوشۇنى 1097 ـ يىلى قۇددۇسنى بېسىۋالغان. ئاخىرىدا 1171 ـ يىلى سۇلتان سالاھىددىن پاتىمىيلارنى يوقىتىپ، قۇددۇسنى 1187 ـ يىلى ئۆكتەبىر قايتۇرۇۋالغان. شۇندىن بېرى بۇ شەھەر تاكى 1917 ـ يىلى دېكابىرغىچە تۈركلەر قولىدا مۇھاپىزەت قىلىنىپ كەلگەن.

6. غەربىي قاراخانىلارنى بېقىندۇرۇپ، شەرقىي قاراخانىلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش:

1089 ـ يىلى مەلىكشاھنىڭ ئالدىغا بىر ئەرزچى كېلىپ، ئۇنى غەربىي قاراخانىلارنى ئىستىلا قىلىشقا قىزىقتۇرغان. بۇ ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھىر تەۋەسىنى شەمسۇل مۇلۈكنىڭ ئىنىسى خىزىرخاننىڭ ئوغلى ئەھمەد باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ تۈركان خاتۇننىڭ جىيەنى ئىدى. بۇ تاۋغاچ بۇغراخان يېشى كىچىك بولغىنىغا قارىماي خېلىلا قارام بولۇپ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ تۇرار ئىكەن. بۇنى باھانە قىلغان سودىگەرلەر ئۆز ئىچىدىن نوپۇزى يۇقىرى بىر دىنىي زاتنى مەلىكشاھقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ كىشى داڭلىق شافىئىي مەزھەپ پېشۋاسى ئەبۇ تاھىر بولۇپ، ئۇ ئۆز خانىغا ئاسىيلىق قىلىپ، مەلىكشاھنى خۇددى ئافاق خوجا غالداننى چىللاپ كەلگەندەك چىللاپ كەلگەن. ئۇزۇندىن بېرى ھېچقانداق باھانە تاپالماي تۇرغان سۇلتانغا بۇ تەكلىپ ياغدەك خۇشياقىقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئىسپاھاندىن يولغا چىققان. ئەقىللىق ۋەزىر دەل شۇ ۋاقىتتا يىللىق سېلىق ئېلىپ كەلگەن شەرقىي رىم ئەلچىلىرىنى باج ـ سېلىقلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپ، ئۇلارغا

غەربىي قاراخانىلارنى قانداق يەڭگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغاچ، سالجۇقىلارنىڭ بۈيۈك سەلتەنىتىنىڭ نەقەدەر چەكسىزلىكىنى ئوبدان بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تاكى قەشقەر چېگرىسىغىچە زورلاپ ئاپىرىپ، ئاندىن يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلغان. ۋەزىر نىزامۇل مۇلك بۇ ھەقتە:« مەن تارىخنىڭ بىزنى تىلغا ئالغاندا، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئەلچىلىرى يىللىق سېلىقنى ئىسپاھاندىن قەشقەرگىچە نەچچە مىڭ چاقىرىم جاپادا سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ، سالجۇقىلارنىڭ نەقەدەر بۈيۈك سەلتەنەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتىپ كەتكەندىن ئىمپېراتورىغا ئۆز ئەيىنى سۆزلەپ، سالجۇقىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ۋە سېلىقنى ئۈزۈپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى » دەپ پۈتۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن » دېگەن ئىكەن.

دېگەندەك، سۇلتان بۇ قېتىم ئىسپاھاندىن ئۇدۇل خۇراسانغا كېلىپ، بارلىق قوشۇنلىرىنى توپلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن دادىسى باشلاپ كەلگەندىنمۇ زور قوشۇن بىلەن كېچىپ ئۆتۈپ، بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا، ئىچكى خائىنلار دەرھال شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ بەرگەن. تۇساتلا لغۇسىزلا بۇخارانى ئىشغال قىلغان سۇلتان تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرىلەپ، سەمەرقەنت شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇ يەردىكى دىنىي زاتلارمۇ ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلىپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ بەرگەن. ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان قىسقا مۇددەتتە غەربىي قاراخانىلار تەۋەسىنى قولىغا ئالغان سۇلتان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، شەرقىي قاراخانىلار تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەن. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بۇرۇنلا بىلىپ تۇرغان ھەسەن بۇغراخان (1019 ـ 1102) ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويغان. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر مەلىكشاھ نارىن دەرياسى بويىدىكى. ئۆزكەند. شەھىرىگە كەلگەندە، بىردىنلا يۈرۈش قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇش، پۇل قۇيدۇرۇش تەلىپى بىلەنلا بولدى قىلىپ، بۇ تەلىپى قاندۇرۇلمىغاندا ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان. ۋەزىرمۇ مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرى ئاساسىدا قاراخانىلارنىڭ زېمىنىنىڭ پايانسىز ئىكەنلىكى، ناۋادا ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتسە، ئارقا سەپ تەمىناتى بولمىغان سالجۇقىلارنىڭ تارمار بولۇش خەۋپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنى كېلىشىم تۈزۈشكە دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە ھەسەن بۇغراخان ئۆزكەندكە يېتىپ كېلىپ، سۇلتان مەلىكشاھ بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، سالجۇقىلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلغان. مەلىكشاھ بۇنىڭغا قانائەت قىلىپ، شەرقىي قاراخانىلارغا تەۋە جايلاردىن تولۇق چېكىنىپ چىققان. ھەسەن بۇغراخان ئىنىسى ياقۇپنى ئېلىكخان قىلىپ بەلگىلەپ، غەربىي ۋە شىمالىي چېگرالاردا قايتا تەرتىپ ئورناتقان. ئەمما مەلىكشاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەسەن بۇغراخان بارلىق كېلىشىمنى بىكار قىلىپ، بۇرۇنقىدەكلا بۈيۈك سەلتەنەت سۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۈيۈك سالجۇقىلار پارچىلىنىپ كېتىپ، غەربىي قاراخانىلارنى تىزگىنلەشتىنمۇ مەھرۇم قالغان. مەلىكشاھ بولسا، غەربىي قاراخانىلار خانى ئەھمەدخاننى تۈركان خاتۇنىنىڭ جىيەنى بولغاچقا، كەمسىتمەي ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىپ، ماۋارائۇننەھرگە يېڭى ھۆكۈمدار تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ بۇ جايدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1092 ـ يىلى ۋاپات بولغىچە داۋام قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۇلتانلار بىر مەزگىل ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىلارنىڭ ئەلى جەمەتى تاكى 1212 ـ يىلغىچە ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا ئىزچىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. چوڭ

قاغانلىقمۇ تاكى 1212 ـ يىلغىچە ھەسەن جەمەتى قولىدا داۋام قىلغان.

**7. سۇلتان بىلەن ۋەزىرنىڭ ئارىسى بۇزۇلۇشى:**

مەلىكشاھ ماۋەرائۇننەھرنى قوشۇۋېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1089 ـ يىلدىن 1091 ـ يىلغىچە ئىككى يىلدەك دۆلەتنى قايتىدىن قېرىنداشلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ، بەزىلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، يېڭى تۈزۈم ۋە تەدبىر ئورنىتىپ، پۈتۈن سالجۇقىلار تەۋەسىدە نىسپىي تىنچلىق دەۋرىگە ئاساس سالغاندىن كېيىن، 1091 ـ يىلى ئۆكتەبىردە (ھىجرىيە 484 ـ يىلى رامىزان) ئىككىنچى قېتىم باغداتقا كەلگەن. سۇلتانلىق سارىيىدا ئىنىسى تاجۇ دۆلەت تۇتۇش ۋە ئۇنىڭ نائىب ئەمىرى قەسىم دۆلەت ئاقسۇنقۇر قاتارلىق غەربىي ئۆلكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تولۇق سالامغا كەلگەن. تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە باغدات توغرۇلبەگ دەۋرىدىن بۇيان بۇنداق ھەيۋەتلىك ھالغا كېلىپ باقمىغان ئىكەن.

بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلتان بىلەن ۋەزىرنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان. بۇنىڭغا ئاساسلىقى ۋەزىر بىلەن تۈركان خاتۇننىڭ 22 يىللىق سۈركىلىشى سەۋەب بولغاندى. تۈركان خاتۇن بىلەن نىزامۇل مۇلۇك ئارىسىدا يىگىرمە يىلغا يېقىن داۋام قىلغان سۈركىلىش ئاخىرى تۈركان خاتۇننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىككى قابىل سىياسىيون ئارىسىدا قوزغالغان پۈت تېپىشىش ئاخىرىدا مەلىكشاھ سۇلتاننىمۇ كەسكىن قارار بېرىشكە قىستىغان. تۈركان خاتۇننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشنى پەقەت خالىمايدىغان ۋە تۈركان خاتۇننىڭ ئۆزىدىن ھەر جەھەتتە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مەلىكشاھ 1092 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋەزىرىگە مۇنداق بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەن: « مەن پات ئارىدا بىر بۇيرۇق بىلەنلا بېشىڭدىكى يوغان سەللەڭنى (كالالاڭنى ياكى مەنسىپىڭنى) بېشىڭدىن جۇدا قىلىۋېتىمەن ».

ۋەزىر سالماق ھالدا مۇنداق جاۋاپ يازغان:

« خالىق تاجىنى بېشىڭغا قويغان زات دەل ۋەزىرلىك سەللەمنى بېشىمغا قويغان زاتتۇر. ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىرى كەتسە، يەنە بىرسى چوقۇم كېتىدۇ ». باشقا مەنبەلەردە، سۇلتان ئۇنىڭغا: « سېنىڭ سەللەڭنىڭ قىممىتى زادى قانچىلىك !؟ » دېگەن مەكتۇپىغا ۋەزىر جاۋابەن: « سەللەم زادى قانچىلىك قىممەتلىك، بۇنى بىلمىدىم. ئەمما بېشىڭدىكى خالىق تاجىنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە بىر تىللاچىلىك قەدرى يوقتۇر ! ». مانا بۇ جاۋاپ مەكتۇپ مەلىكشاھنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇ شۇ ھامانلا ۋەزىرنى ئىشتىن بوشاتقان. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋەزىر 1092 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر ئالامۇت قەلئەسىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسمائىلىيە قاتىللىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

شۇنىدىلا سۇلتان ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتىگە جىددىي قاراپ ئالامۇت قەلئەسىنى تۈزلىۋەتمىگەنگە قاتتىق پۇشايمان قىلغان. سۇلتان قەلئەگە ئۈچ ئېلىش ھۇجۇمى قوزغىغاندا، ئالامۇت قەلئەسى ئاللىبۇرۇن تەييارلىقنى تەل قىلىپ بولغان ئىدى. ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىدىن بىر ئاي كېيىنلا سۇلتانمۇ تۇيۇقسىز شۇ يىلى 19 ـ نويابىر ۋاپات بولۇپ، مەزكۇر قەلئە ئامان قالغان. شۇندىن بېرى بۇ قەلئە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا ۋەھىمە سېلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى 1256 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر ھالاكۇ تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىنىدى.

**8. باش ۋەزىرنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە سالجۇقلارنىڭ پارچىلىنىشى:**

ئەينى ۋاقىتتا سالجۇقلارغا تەھدىت بولغان ئاممىلار تۈتۈش بىلەن يۇقىرىقى ئاناتولىيە سالجۇقلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردىن باشقا يەنە 1090 ـ يىلى سۈرىيەدىكى « ئالامۇت قەلئەسى » نى بازا قىلىپ كۆچەيگەن ئازغۇن ئىسمائىلىيە مەزھىپى كۆچلىرى بولۇپ، ھاسان سابباھ ئىسىملىك ئاتامانى مۇشۇ قەلئەدە تۇرۇپ، مۇرىتلىرىنى سالجۇقلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى، ھەتتا باش ۋەزىر نىزامۇل مۈلۈكنى 1092 ـ يىلى ئۆكتەبىردە قەستلەپ ئۆلتۈرگەن. ئۇلار بەئەينى ھازىرقى زاماندىكى « موساد » قا ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن شام، ئىراق، ئىران ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا جانلىنىپ كەتكەن. ئەسلىدە ئۇلار سامانىلار دەۋرىدىلا بۇخارا قاتارلىق جايلارغىچە يامراپ كەتكەن بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىگىمۇ يامراشقا باشلىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان (ياغان تېكىن) 1044 ـ يىلى ئاستىرتتىن ئىسمائىلىيەچىلەرگە مايىل بولغان بولۇۋېلىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېڭەش چاقىرغاندا، قاراخانىلار ۋە غەربىي ئىلىكخانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق ئىسمائىلىيە پىرقىسى كاتتىۋاشلىرى شاھانە سورۇنغا تولۇق قاتناشقان. مۇھەممەد بۇغراخان نەخ مەيداندا ئۇلارنى بىراقلا تۇتۇپ قىرىۋەتكەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ قاراخانىلار تەۋەسىدىكى بارلىق مۇرىتلىرىنى تازىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىمىز تا ھازىرغىچە بۇ ئازغۇن پىرقىنىڭ زىيانلىرىدىن مىڭ يىل ئامان قالغان.

ئىلخانىيلار تارىخچىسى فەزلۇللاھ رەشىدىدىن (1247 ـ 1318 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ «تارىخنامىلەر جەمگاھى» ئەسىرىدە بىر ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ۋەزىر نىزامۇل مۈلك، ھەسەن سابباھ ۋە ئۆمەر ھەييامىلارنىڭ قەسەمداش ئۈچ بۇرادەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۈچۈر بېرىدۇ. ۋەزىر دەل مۇشۇ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان كونا تونۇشى ۋە قەسەمدىشى ھەسەن سابباھ تەرىپىدىن نىھاۋەندتە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ۋەزىر بۇ قېتىم رامىزان ئېيىدا ئالاھىدە بۇندىن توپتوغرا 450 يىل بۇرۇننى رامىزان ئېيىدا يۈز بەرگەن « نىھاۋەند ئۇرۇشى » دا شېھىت بولغان ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنىدى. تارىخچىلارنىڭ بايان قىلىشىچە شۇ چاغدا ۋەزىردە شېھىتلىق مەرتىۋىسى بىلەن بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش تۇيغۇسى قوزغالغان. 450 يىل بۇرۇنقى شۇ كۈندە شېھىت بولغانلارنىڭ روھىغا ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، ئېپتارنى مۇشۇ يەردە قىلىش بىلەن بىرگە، جۈمە كېچىسىنى تۈنەپ ئۆتكۈزمەكچى بولغان. ئەمما شۇ كۈنى ئېپتارغا يېقىن بىر نەچچە دەرۋىش سىياقلىق قاتىل ۋەزىرگە يېقىنلىشىپ، تىلەمچى قىياپىتىدە قەدىدىنى پۈكۈپ تۇرغان. ۋەزىر يېنىدىكى تىللالارنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتقان زامان ھېلىقى قاتىل بىردىنلا قوينىدىكى زەھەرلىك خەنجەرنى دەل ۋەزىرنىڭ يۈرىكىگە سانجىپ ۋەزىرنى نەخ مەيداندا شېھىت قىلغان.

بۇ دەھشەتلىك پاجىئە مىلادى 1092 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر كەچ (485 ـ يىلى رامىزاننىڭ 11 ـ كۈنى پەيشەنبە) يۈز بەرگەن. ۋەقەدىن كېيىن، ئاۋام ـ خەلق بۇ ئىشنى سۇلتان مەلىكشاھ ياكى تۈركان خاتۇن قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىشقان. بىراق تېزلا بۇ جىنايەتنى ئەسلىدە ئىراننىڭ شىمالىدىكى دەيلەمگە جايلاشقان ئالامۇت قەلئەسىدىكى قاتىللار ئاتامانى

ھەسەن سابباھنىڭ مۇرىتلىرى سادىر قىلغانلىقى ئايان بولغان. گەرچە سۇلتان مەلىكشاھ ۋەزىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قەلئەنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆمرى يار بەرمىگەن. شۇنداق قىلىپ مەلىكشاھمۇ شۇ يىلى 19 ـ نويابىر جۈمە (485 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ 17 ـ كۈنى) قازا قىلغان. سالجۇقىلار ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان ئاخىرقى گىگانت شەخس تۈركان خاتۇن ئىككى يىلدەك دۆلەتنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، بىراق 1094 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر

(487 ـ يىلى رامىزاننىڭ 10 ـ كۈنى جۈمە) ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 55 يىللىق بۈيۈك سالجۇقىلار سۇلتانلىقى نۇرغۇن ئۇششاق خانلىقلارغا پارچىلىنىپ كەتتى. 1096 ـ يىلدىن 1292 ـ يىلغىچە غەربتىن ئەھلى سەلىپلەر، 1134 ـ يىلدىن 1295 ـ يىلغىچە قاراختايلار ۋە موڭغۇلار ئىسلام دۇنياسىنى ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئىستىلا قىلىپ، ئىسلام دۇنياسى قىل ئۈستىدە قالغان ئىدى. كېيىنچە ئۇلارنى يەنىلا بىزنىڭ ۋەتەندىن ئوتتۇرا شەرققە كەلگەن ئەزىمەتلەر قوغلاپ چىقاردى.

گەرچە كېيىنچە سۇلتان سەنجەر بىر مەزگىل سالجۇقىلارنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇمۇ 1141 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىر قەتۋان ئۇرۇشىدا غەربىي قاراخانىلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، قاراختايلارغا يېڭىلىپ قالغاننى ئاز دەپ، يەنە ئوغۇزلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. كېيىنچە ئەسىرلىكتىن قېچىپ، پايتەخت شاھجاھان مەرۋىگە كەلگەندە، قاراقچى ئوغۇزلارنىڭ بۇ شەھەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكىنىنى كۆرۈپ، 1157 ـ يىلى 16 ـ ماي سۇلتان سەنجەر ئەلەمدىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن سالجۇقىلار تارىخ سەھنىسىدىن چۈشكەن. ئۇششاق سالجۇق خانلىقلىرى ئارىسىدا بىردىنبىر ئۇزۇن مەزگىل دۆلىتىنى مۇستەقىل ساقلىيالىغان دۆلەت دەل ئاناتولىيە سالجۇقلىرى دۆلىتى (1087 ـ 1242)ئىدى.

ۋەزىر شېھىت بولدى. ئەمما ئۇ پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسەت ئاتىسى ۋە دۆلەتنىڭ تايانچى ۋە تۈزگۈچى مەنىسىدىكى « نىزامۇل مۇلك » نامىنى مەڭگۈ قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنى- قەستلىگەنلەرنى- كىشىلەر بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇنۇتمىغانلارمۇ قاتىللارغا لەنەت ئوقۇپ، ۋەزىرگە مەدھىيە ئوقۇماقتا.

مەزكۇر يازمىدا پەقەت تارىخىي تەرتىپ ئاساسىدىلا ۋەزىرنىڭ ھاياتىنىڭ ئاز بىر قىسمى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. ۋەزىر نىزامۇل مۇلكنىڭ ھاياتىنى ھەر تەرەپتىن تونۇشتۇرۇشقا نەچچە توملۇق ئەسەر يېزىسلا ئاندىن ھەققى ئادا تېپىشى مۇمكىن. شۇنداق بىر ئەسەرنى خەلقىمىزگە سۇنۇشقا ئاللاھ مەدەت بەرگەي! ماماتلىق پەيتلەردىكى خەلقىمىز ئىچىدىنمۇ بىر « نىزامۇل مۇلك » چىقىرىپ بېرىشىنى ئۆلۈغ ئاللاھتىن ئىشەنچ بىلەن سورايمىز!

مەرھۇمنىڭ سۇيىقەست بىلەن ۋەھشىيلەرچە قەتلى قىلىنغانلىقىنىڭ 928 يىللىق كۈنى، ھەمەدە نىھاۋەند ئۇرۇشىنىڭ 1378 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسلەپ يېزىلدى.

2020 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر. چارشەنبە

بىر قىسىم شەخسلەر ھەققىدە ئىزاھات:

**1. چاغرىبەگ داۋۇت ئىبنى مىكائىل سالجۇق:**

چاغرى بەگ سالجۇقنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىكى يېشى چوڭ، دانىشمەن مىكائىلنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ئىنىسى توغرۇلبەگ بىلەن بىللە سالجۇقلارغا باشچىلىق قىلغان. بىراق مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئەجەللىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، چىقىش يولى تاپالماي، 1026 - يىلى قاراخانىلار قاغانى يۈسۈپ قادىرخانغا بەيئەت قىلىپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. مىلادى 1028 - يىلى بۈيۈك قاراخان يۈسۈپ قادىرخان (971 - 1032)غا ياراپ كەتكەچكە، قاراخان ئۇلارنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ، غەرپكە يولغا سېلىپ قويغان. مىلادى 1040 - يىلى 23 - مايدىكى مەشھۇر «دەندانقان ئۇرۇشى»دىن كېيىن «سالجۇقلار سۇلتانلىقى »نى قۇرۇپ، ئىنىسى توغرۇلبەگنى «خاقان» قىلىپ سايلىغان. مىلادى1055 - يىلى باغدات قولغا كەلگەن. ئاخىردا چاغرىبەگ تۈركلەرنىڭ يايلاقتا ياشاش ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئۆز قەۋمىنى باشلاپ ئاناتولىيەتەرەپكە كۆچۈش يولىدا مىلادى1060 - يىلى 16 - ئىيۇل ۋاپات بولغان. ئىنىسى توغرۇلبەگمۇ 1063 - يىلى كۈزدە پايتەخت مەرۋىدە قازا قىلغان. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە سالجۇقلار تەختىگە دەل مۇشۇ چاغرىبەگ داۋۇت ئوغلى مۇھەممەد ئالپ ئارسلان ۋارىسلىق قىلغان.

**2. سالجۇقنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى توغرۇلبەگ:**

ئۇ چاغرىبەگنىڭ ئۆز ئىنىسى بولۇپ، 990 - يىلى قاراخانىلار تەۋەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكىسى ئەينى چاغدا تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەچكە، ئۇ تەختىنى جىيەنى ئالپ ئارسلانغا ۋەسىيەت قىلىپ، 1063 - يىلى 4 - سېنتەبىر قازا قىلغان.

**3. ئىمام جۇۋەينى:**

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى دەپ شۆھرەت تاپقان، شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى ئىمام جۇۋەينى 1026 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان يىگانە قاغان بولۇپ، باغداتقا ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئىدى. ئۇزۇن يىللىق شەرەپلىك خىزمەتلىرىدىن كېيىن، 1085 - يىلى ئاۋغۇستتا « ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى » دەپ تونۇلغان نوپۇزلۇق دىنىي ئالىم ئىمام جۇۋەينى ۋاپات بولغان. ئۇ ۋەزىر نىزامۇل مۈلكنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ۋە سۆھبەتداشلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ قابىل شاگىرتى مەشھۇر ئىمام غەززالى تەكلىپ بويىچە باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسىسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان ئىدى.

**4. ئىمام غەززالى:**

ئىمام غەززالى مىلادىيە 1058 - يىلى بۈگۈنكى مەشھەدنىڭ (قەدىمكى ئىسمى تۇس) غەزال مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1111 - يىلى 19 - دېكابىر ئالەمدىن ئۆتكەن ئىسلام كالامىزم ۋە ئىسلام تەسەۋۋۇپىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ، "دىنىي ئىلىملەرنى گۈللەندۈرۈش" ناملىق ئەسىرى بىلەن بەكرەك تونۇلغان.

**5. سۇلتان ئالپ ئارسلانخان:**

يۇقىرىقى چاغرىبەگ داۋۇتنىڭ ئوغلى، مەشھۇر سالجۇقنىڭ ئەۋرىسى بولۇپ، 1029 - يىلى 28 - يانۋار تۇغۇلغان. بۇ چاغدا دادىسى يۈسۈپ قادىرخاندىن قۇتۇلغىلى بىر يىلمۇ بولمىغان ئىدى. ئۇ 1064 - يىلى كۈزدە تاغىسى سۇلتان توغرۇلبەگ

ئورنىغا سۇلتان بولغان. 1072 ـ يىلى 24 ـ نويابىر غەربىي قاراخانىلار چىگرا مۇداپىئە ئەمەلدارى يۈسۈپبەگ خارەزىم قولىدا خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**6. جالالۇ دۆلەت مەلىكشاھ:**

مەلىكشاھ 1055 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇست دۇنياغا كەلگەن. ئىبراھىم تاۋغاچ بۇغراخان ئارزۇلۇق قىزىنى 1064 ـ يىلى دەل ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى مەلىكشاھقا ياتلىق قىلغان. ئۇ 1092 ـ يىلى 18 ـ نويابىر ۋاپات بولغان.

**7. ھەسەن سابباھ:**

ھەسەن سابباھ 1037 ـ يىلى رەيدە، ياكى قۇمدا تۇغۇلغان. ئەسلى ئازغۇن شىئە ئون ئىككى ئىمام مەزھىپىدە بولۇپ، 17 يېشىدا شىئە ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كۆچكەن. 1072 ـ يىلى ئىراندىكى كاتتىۋاش ئۇنى مىسىرغا بىرىپ، پاتىمىلار خەلىپىسى ئوردىسىدا مەزھەپ تارقىتىشقا بۇيرۇغان. 1076 ـ يىلى رەيدىن ئىسپاھانغا، ئاندىن ئەزەربەيجانغا بىرىپ قوغلىنىپ، ئاخىرىدا سۇرىيە، لىۋان ۋە پەلەستىن ئارقىلىق 1078 ـ يىلى مىسىرغا كەلگەن. ئۈچ يىل تۇرۇپ قالغان. بىراق مىسىردا ئەمىر لەشكەر بەدرىددىن بىلەن قارشىلىشىپ قوغلانغان. ئۇ ئولتۇرغان كېمە چۆكۈپ كېتىپ، يالغۇز سابباھلا ھايات قالغان. كىشىلەر ئۇنى سۇرىيەگە ئەكەپ قويغان. ئاندىن ئۇ باغدات ئارقىلىق 1081 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن يەنە ئىسپاھانغا يېتىپ كەلگەن.

ھەسەن ئىراندا ساق توققۇز يىل تەرىقەت تارقىتىپ بەزى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. بىراق ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بايقاپ قالغان ۋەزىر نىزامۇل مۇلك ئۇنى قولغا ئالماقچى بولغاندا قەزۋىنگە قېچىپ يوشۇرۇنۇپ، پاناھلىنىشقا ۋە تايانچ بازا قىلىشقا دېڭىز يۈزىدىن 2100 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالامۇت (بۈركۈت چاڭگىسى مەنىسىدە. كېيىنچە ئۆلۈم قەلئەسى دەپمۇ ئاتالغان.) قەلئەسىدىنمۇ مۇۋاپىق جاي تاپالماي، 1090 ـ يىلى 4 ـ سېنتەبىر قەلئەنى ئىشغال قىلغان. نىزامۇل مۇلك ئۇ تۈنجى قەستلەپ يوقاتقان دۆلەت ئەربابى بوپقالغان.

ھەسەن سابباھ پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق، ئالاھىدە تەشكىلاتچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئۆلچەملىك زېرەك مەلئۇن ئىدى. قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ياخشى، ئەتراپىدا ۋەھىمە پەيدا قىلغان، مىسلىسىز زەربىدار پىدائىيلىرى ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان ناھايىتى ياخشى جاسۇسلۇق تورى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ۋە ئېتىقاد دۇنياسىغا ھۆكۈمران بولۇشنى ئارزۇ قىلغان قارانىيەت ھەسەن سابباھ 1124 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 74 يېشىدا توختاۋسىز 35 يىل ھەرىكەت قىلغان ئالامۇت قەلئەسىدە ئۆلگەن.

**8. سۇلتان سەنجەر:**

ئۇ بەزى مەنبەلەردە 1085 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارالسا، بەزى مەنبەلەردە 1097 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قارىلىدۇ. 1118 ـ يىلى سۇلتان بولغان. ئەھمەد يەسەۋىگە قاتتىق ئىخلاس قىلغان. 1141 ـ يىلى قەتۋان چۆلىدە قاراخانىلار بىلەن بىرلىكتە قاراختايلارغا قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچقان. 1157 ـ يىلى 15 ـ ماي قازا قىلغان. بەزى مەنبەلەردە ئۇ 8 ـ ماي قازا قىلغان دېيىلگەن. مەرۋىگە دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمى

بىلەن سالجۇقىلار سۇلتانلىقى ئۇششاق بەگلىكلەرگە پارچىلانغان.


9. نىھاۋەند ئۇرۇشى:

ساسانىلار سەلتەنتى (226 ـ 650) نىڭ ئەڭ ئەجەللىك شەكىلدە يىمىرىلىشىگە يول ئاچقان مەزكۇر ئۇرۇش مىلادى 642 ـ يىلى 24 ـ ئاۋغۇستتا (ھىجرىيە 21 ـ يىلى رامىزاننىڭ 23 ـ كۈنى) باشلىنىپ، يۈز مىڭدىن ئوشۇق پارس ئەسكىرى يوقىتىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى نوئمانمۇ بۇ ئۇرۇشتا قازا قىلغان. شۇ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىردە (قۇربان ھېيتا بىر ئايدەك ۋاقىت قالغاندا) يېڭى قوماندان ھەزرىتى ھۇزەيفە يامانىنىڭ قوماندانلىقىدا زەپەر قۇچۇپ، نىھاۋەند شەھىرىگە كىرگەن. ساسانىلارنىڭ ئەڭ پۇختا مۇداپىئە قورغىنىنى يىمىرىلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار سەككىز يىلغا يەتمىگەن قىسقىلا ۋاقىتتا 433 يىللىق چوڭ جاھانگىرنى يەر يۈزىدىن يوقاتقان.

پايدىلانغان ئەسەرلەر:


1. ئۇيغۇر يىلنامىسى
2. ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسى
3. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى
4. ئەلكامىل فىت تارىخ
5. ئەلبىدايە ۋەننىھايە
6. بۇغراخانلار تەزكىرىسى
7. سالجۇقىلار تەزكىرىسى
8. قاراخانىلار تۈركىستاندا (قۇيىدۇرغان پۇللار)
9. ئىران تارىخى (تاھىرىلاردىن قاچارلارغىچە)
10. سالجۇقىلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە يىمىرىلىشى
11. تۈرك ۋە موغۇل تارىخى
12. تارىخى جاھانكۇشاي
13. رەۋزەتۇسسافا
14. تەلفىقۇل ئەخبار
15. جامىئۇت تەۋارىخ
16. ماۋارائۇننەھىر تارىخى (بۇخارا تارىخى)
17. سىياسەتنامە
18. شەرقىي تۈركىستان تارىخى


2020 ـ يىلى، 22 ـ ئۆكتەبىر



# كارل يۇڭ ھېكمەتلىرىدىن

## كارل يۇڭنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئۆرنەكلەر

كىم سىرتقا قارىسا، ئارزۇ ـ ھەۋەسكە بوغۇلىدۇ. كىم ئىچىگە قارىسا ئويغىنىدۇ.

**Who looks outside, dreams; who looks inside, awakes.**

ئىككى قول دائىملا ئەقىل بىھۇدە كۈرەش قىلغان نائېنىق ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ.

**Often the hands will solve a mystery that the intellect has struggled with in vain.**

ئۆزىڭىزدىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى بىلىشىڭىز باشقىلارنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.

**Knowing your own darkness is the best method for dealing with the darknesses of other people.**

بىرىنىڭ پۇتىغا ياخشى كەلگەن ئاياق، باشقىسىنىڭ پۇتىنى قىستايدۇ. ھەممىلا ھالەتكە ماس كېلىدىغان ھاياتلىق شەكلى مەۋجۇت ئەمەس.

**The shoe that fits one person pinches another; there is no recipe for living that suits all cases.**

ساغلام كىشى باشقىلارنى ئازابقا سالمايدۇ. ئادەتتە، باشقىلارنىڭ ئازابلىشىغا ئۇچرىغانلار باشقىلارنى ئازابلىغۇچى بولۇپ چىقىدۇ.

**The healthy man does not torture others – generally it is the tortured who turn into torturers.**

ئىنسان ئۆزى چۈشىنەلمىگەن ئادەمنى ئەخمەقكە چىقىرىۋېتىشكە مايىلدۇر.

**If one does not understand a person, one tends to regard him as a fool.**

سىز قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقان ئىشلىرىڭىز بىلەن ئەمەس، قىلغان ئىشلىرىڭىز بىلەن ئۆلچىنىسىز.

**You are what you do. Not what you say do.**

خۇمار بولۇشنىڭ ھەممىسى ناچاردۇر. خۇمار بولۇنغان نەرسە مەيلى مەست قىلغۇچى، مەيلى ھاراق، مەيلى مورفىن، ۋەياكى ئىدىيە بولسۇن (ئوخشاشلا ناچار).

**Every form of addiction is bad, no matter whether the narcotic be alcohol, morphine or idealism.**

بىز ھەر قانداق بىر ئىشنى تاكى ئۇنى قوبۇل قىلمىغۇچە ئۆزگەرتەلمەيمىز.

**We cannot change anything unless we accept it.**

ئىنسان قىيىنچىلىققا موھتاج، قىيىنچىلىقلار ساغلاملىق ئۈچۈن زۆرۈر.

**Man needs difficulties; they are necessary for health.**

بىلىم ھەقىقەتكىلا تايانغان بولۇۋەرمەستىن، بىلىم يەنە خاتالىققىمۇ تايانغان بولىدۇ.

**Knowledge rests not upon truth alone, but upon error also.**

تەپەككۇر يۈرگۈزۈش قىيىن. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقارغۇچى بولۇۋېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ شۇ.

**Thinking is difficult, that’s why most people judge.**

ئىككى ئىنساننىڭ ئۇچرىشىشى ئىككى خىمىيىلىك ماددىنىڭ ئۇچرىشىشىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئارىدا بىرەر رېئاكسىيە يۈز بەرسە، ھەر ئىككىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

**“The meeting of two personalities is like the contact of two chemical substances: if there is any reaction, both are transformed.”**

ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش كىشىنىڭ ئۆزىنى تامامەن قوبۇل قىلىۋېتىشىدۇر.

**The most terrifying thing is to accept oneself completely.**

ماڭا ئەقلى ھوشى جايىدا ئادەمدىن بىرنى كۆرسەت، مەن ئۇنى ساڭا داۋالاپ بېرەي.

**Show me a sane man and I will cure him for you.**

ھەممە ئىشقا ۋەدە بەرگەن ئادەمنىڭ ھېچبىر ۋەدىسىنى ئورۇندىيالماسلىقى ئېنىق. ھە دېسىلا ۋەدە بېرىدىغان كىشى ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ناتوغرا يوللارغا مۇراجىئەت قىلىش خەترىدە قالىدۇ، بۇنداق كىشى ئاللىقاچان ھالاكەت يولىغا مېڭىپ بولغان بولىدۇ.

**The man who promises everything is sure to fulfil nothing, and everyone who promises too much is in danger of using evil means in order to carry out his promises, and is already on the road to perdition.**

ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە تەخىرسىز مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق مەسىلىلەر ھېچقاچان ھەل قىلىنمىدى، پەقەت تەرەققىي قىلىپ ماڭدى.

**The greatest and most important problems of life are all fundamentally insoluble. They can never be solved but only outgrown.**

بىز پەقەت ئەقىل ئارقىلىقلا دۇنيانى چۈشەنگىلى بولىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالماسلىقىمىز كېرەك. ئەقىلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش كۈچى رېئاللىقنىڭ پەقەتلا بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

**We should not pretend to understand the world only by the intellect. The judgement of the intellect is only part of the truth.**


ھاياتتا مەنىگە ئىگە كىچىككىنە بىر ئىش تۈتۈرۇقسىز چوڭ ـ چوڭ ئىشلاردىن كۆپ قىممەتلىكتۇر.

**The least of things with a meaning is worth more in life than the greatest of things without it.**

ئۇيغۇرلار ژۇرنىلى تەھرىراتى تەييارلىدى

# ئۆتكەن بىر ئاي ئېچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر



**(2020-يىلى 9– ئاينىڭ 21 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 10– ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)**

# ئايلىق خەۋەر

**(2020 ـ يىلى 21 ـ سېنتەبىردىن، 2020 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىرگىچە**
**ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مۇھىم خەۋەرلەر)**

**21 ـ سېنتەبىر**

**«cnn.com» تورى «(ئاتالمىش) شىنجاڭ ھۆكۈمىتى نوپۇس ئېشىش نىسبىتىنىڭ شىددەت بىلەن چۈشنەكلىكىنى ئېتىراپ قىلدى، بىراق ئاياللارنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە ئادرىيان زېنزنىڭ مۇناسىۋەتلىك دوكلاتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىشىنى ۋەھشىيانە ئۇسۇلدا چەكلىگەنلىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.**

**22 ـ سېنتەبىر**

**«nbvnews» تورى «كىيىم ـ كېچەك ساھەسىدىكى داڭلىق ماركىلار ئۆز مەھسۇلاتلىرىدا ئىشلىتىلگەن پاختىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى.**

**23 ـ سېنتەبىر**

**«voanews» تورى «ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق تاۋارلارنى (ئامېرىكاغا) ئىمپورت قىلىشتىن چەكلەش قارارى ئالدى»ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ماللارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش قانۇن لاھىيىسىنىڭ ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغانلىقى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بايان قىلىندى.**

«ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى» ئىنگلىزچە بۆلۈمى «ئۇيغۇر ئالىمى ئىلھام توختىنىڭ قىزى دادىسىنىڭ قامالغانلىقىنىڭ ئالتىنچى يىللىق خاتىرە كۈنىدە دادىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

24 ـ سېنتەبىر

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى «كېچىسى تارتىلغان سۈرئەتلەر ھەمراھ رەسىملىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆپلىگەن يېڭى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى ئاشكارىلىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. مەزكۇر ئىككى ماقالىدە، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات مەركىزى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى تەربىيەلەشنى توختىتىپ جەمئىيەتكە قايتۇرۇۋاتىمىز دېگىنىنى يالغانلاپ، ئالدىنقى يىلدىن باشلاپ يېڭى تۈتۈپ تۇرۇش نۇقتىلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەنلىكى، سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەرگە قارىغاندا قامالغان نۇرغۇن ئىنساننىڭ قويۇپ بېرىلمەستىن، ئەكسىچە تۈرمە ياكى شۇ قاتاردىكى جايلارغا سولىۋېتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«bloomberg» تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى كېڭىيىۋاتامدۇ؟» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

25 ـ سېنتەبىر

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى «خىتاي مەسجىدلەرنى ۋە قىممەتلىك مازارلىقلارنى يوق قىلماقتا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە خىتاينىڭ 2017 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسجىدلەرنىڭ 35 پىرسەنتتىن كۆپراقىنى تامامەن چېقىپ يوق قىلىۋەتكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسجىدلەرنىڭ سانى پۈتۈن خىتايدىكى مەسجىدلەرنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپراقىنى ئىگىلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

26 ـ سېنتەبىر

ۋال كوچىسى ژۇرنىلى «شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

ھىندىستان ۋاقتى گېزىتى «خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى مازارلىق ۋە گۈمبەزلەرنى چېقىپ تاشلىغانلىق بىلەن ئەيىبلەندى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

27 ـ سېنتەبىر

رويتېرس ئاگېنتلىقى «شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بەختنىڭ <يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى>، توغرا نۇقتىئىينەزەر ئۆگىتىشنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى» نامىلىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە شىنىڭ سۆزلىرى نەقىل قىلىندى.

**28 ـ سېنتەبىر**

«CNN»تورى «خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ خەلقئارالىق تەنقىد كۈچىيىۋاتقان پەيتتە <شىنجاڭ سىياستىن>نىڭ <يۈزدە ـ يۈز توغرا> ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى» نامىلىق ماقالە ئېلان قىلدى

«asianews» تورى «شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن ئۈچ يىل ئىچىدە 16 مىڭ مەسجىد چېقىۋېتىلدى» نامىلىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**29 ـ سېنتەبىر**

«قوغدىغۇچى» گېزىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنگلىيەدە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى ھۆكۈم تەلەپ قىلىشىغا يول قويۇلۇشى مۇمكىن» نامىلىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە بۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىندى.

**30 ـ سېنتەبىر**

گېرمانىيە ئاۋازى تورى «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى تۇتۇپ تۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى سالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقتى» نامىلىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«arabnews» تورى «مېركىل خىتايىنى ئاز سانلىقلارغا <ناچار مۇئامىلە قىلغانلىق> بىلەن ئەيىبلىدى» نامىلىق ماقالە ئېلان قىلدى.

**1 ـ ئۆكتەبىر**

«pri.org» توردا «فرانسىيە سىياسەتچىلىرىدىن بىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىۋېلىشنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى» نامىلىق ماقالە ئېلان قىلىندى.

**2 ـ ئۆكتەبىر**

«thediplomat.com» تورى «خىتاينىڭ (شەرقىي تۈركىستاندا) مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر قايناۋاتقاندا ، شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى» دېگەن مەزمۇندا ماقالە ئېلان قىلدى.

خىتاي ئەمەلدارىنىڭ ماقالىسى خىتاينىڭ ئىسلامىي نىكاھنى چەكلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. مۇشۇ ماۋزۇدىكى خەۋەر «voacambodia» توربدا ئېلان قىلىندى.

رۇدىي گوبېرت خىتاينىڭ يىغىۋېلىش سىياسىتىگە قارشى سۆز قىلغان تۇنجى NBA ۋاسكىتبولچىسى بولدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەر «theblaze» توربدا ئېلان قىلىندى.

3 ـ ئۆكتەبىر

«CNN» تورى «كىشىلەر خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسىغا قارشى لوندوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىغا يېقىن يەردە غەزەپنى ئىپادىلىدى» تېمىسىدا خەۋەر ئېلان قىلدى.

5 ـ ئۆكتەبىر

دېنىيل ئاندرېۋس خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشىغا چېتىشلىق پويىز ئىشلەپچىقىرىشقا ھۆددىگەر سودىگەرگە سوئال قويدى ناملىق خەۋەر «abc.net.au» توربدا ئېلان قىلىندى.

6 ـ ئۆكتەبىر

«voanews» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا 39 دۆلەت خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زوراۋانلىق قىلىشىنى ئەيىبلىدى دېگەن تېمىدا خەۋەر ئېلان قىلدى.

ئاناتولىيە ئاگېنتلىقى «39 دۆلەت شەرقىي تۈركىستانغا كىشىلىك ھوقۇق كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ كىرىشىنى تەلەپ قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمەت تورى «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە خوڭكوڭدىكى يېڭى يۈزلىنىش» ناملىق دوكلات ئېلان قىلدى.

ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك رائاب «ئەنگلىيە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىكى سەۋەبلىك بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى مۇمكىن» دېگەنلىكى «smh.com» توربېتىدا خەۋەر قىلىندى.

**7 ـ ئۆكتەبىر**

ئەلجەزىرە تورى «39 دۆلەت خىتاينى شەرقىي تۈركىستان ۋە خوڭكوڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرى ئۈچۈن ئەيىبلىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«eurasiareview» تورى «كۆلىپەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئېنىقسىز، دۇنيا جىم تۇرۇۋاتىدۇ» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**8 ـ ئۆكتەبىر**

«CNN» تورى «يەر شارى مىقياسىدىكى چاچتىن ياسالغان مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش بىلەن قانداق باغلىنىشى بار» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە بەزى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا بازىرىنى تونىلاپ چاچ بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ چاچلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دىپلومات ژۇرنىلى «قايسى دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياستىگە قارشى چىقتى؟» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. «ئالبانىيە، بوسنىيە، ھايتى، ھوندۇراس، سلوۋاكىيە...» قاتارلىق 16 دۆلەت ئالدىنقى يىلدىكى 23 دۆلەتكە قوشۇلۇپ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشىغا قارشىلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئىنگلىزچە تورى «كۆزەتكۈچىلەر ‹شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىتاينىڭ مۇدىر قىلىپ تەيىنلىنىشى رايوندىكى ئاپتونومىيەنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ سىگنالى› دېدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**9 ـ ئۆكتەبىر**

«ibitimes» تورى «ئامېرىكا مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىقى بار بەزى تاۋارلارنى بايقۇت قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئەنگىلىزچە بۆلۈمىنىڭ توربدا «ئۇيغۇر نامزاتنىڭ قىزى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىغا نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى بېرىش شىنجاڭدىكى دەپسەندىچىلىكنى ئېچىپ بېرىدۇ، دېدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرستىلگەن تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر ئالىمى ئىلھام توختىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

10 ـ ئۆكتەبىر

«bbc» تورى «ئۇيغۇر شائىرە فاتىمە ئابدۇلغۇپۇرنىڭ دادىسى ئىككى يىل ئاۋۋال خىتايدا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن ئەمدىلا خەۋەر تاپقان» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.

قوغدىغۇچى گېزىتى «لىسا نەندى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرى سەۋەبلىك خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئورنىنى بايقۇت قىلىشنى تەلەپ قىلدى»ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە دىپلوماتچە ئەنگلىيە سىياسەتچىلىرىدىن لىسا نەندى ئەنگلىيىنىڭ خىتاينىڭ بۇ ئىمتىيازىغا قارشى چىقىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

11 ـ ئۆكتەبىر

«abc» تورى «ئاۋستىرالىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 2022 ـ يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تۈپەيلى بايقۇت قىلامدۇ؟» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«pledgetimes» تورى سۈنئىي ھەمراھ رەسىمى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى لاگېر قۇرغانلىقى بايان قىلىنغان خەۋەر ئېلان قىلدى.

13 ـ ئۆكتەبىر

«voanews» تورى «خىتاي ۋىرۇسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا تەنقىدكە ئۇچرىغان خىتاي لىدېرلىرى ئاخىئولوگىيەدىن سۆز ئاچتى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

14 ـ ئۆكتەبىر

«globalnews» تورى «خىتاي تىرۇدۇنىڭ خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سۆزى سەۋەبلىك كانادانى ئەيىبلىدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«icij.org» تورى «ئەنگلىيە قانۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ئۈچۈن خىتايغا جازا يۈرگۈزۈشنى چاقىردى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**15 ـ ئۆكتەبىر**

«asahi» تورى «ئۇيغۇر مەسجىدلىرى بېيجىڭ تەرىپىدىن تاقىلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

**16 ـ ئۆكتەبىر**

«economist» تورى «ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان زىيانكەشلىك ئىنسانىيەتكە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

«neweurope»تورى «ياۋروپا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىشلەنگەن ئىنسان ھەقلىرى جىنايىتىگە قۇلاق يۇپۇرۇۋالمايدۇ» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

قوغدىغۇچى گېزىتى «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى مىڭلىغان بالىلارنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىۋەتتى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

رويتېرس ئاگېنتلىقى «كانادا باش مىنىستىرى ترۇدۇ: كانادا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دېدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

ئەلجەزىرە تورى «خىتاي ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكىنى رەت قىلدى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

**17 ـ ئۆكتەبىر**

رويتېرس ئاگېنتلىقى «شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا يېقىن» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى ۋە بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەر بەردى.

**18 ـ ئۆكتەبىر**

زىمىستان تورى «ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن كەلدى: مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتى تۆرمىگە ئوخشايدىغان ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئەۋەتىۋېتىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ئۈستىدىكى شەپقەتسىز جىنايەتلىرىنى بايان قىلدى.

19 ـ ئۆكتەبىر

«voanews» تورى «خىتاي دىنىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتمەكتە» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«bloomberg» تورى «ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرى پوپ فرانسىستىن دىنىي ئەركىنلىك توغرىسىدا خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى.

20 ـ ئۆكتەبىر

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى «تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدىغان يوقاپ كەتكەن ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇتقۇن قىلىنغانلىقى دەلىللەندى» ناملىق خەۋەر ئېلان قىلدى.

خەۋەرلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن «http://uyghuremergency.org/» تورىمىزنى زىيارەت قىلىڭ

ھېمكەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



مەكس گېلبېر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاكتىپ يېتەكچىلىرىدىن ھۆرمەتلىك مەكس گېلبېر



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئۇيغۇرلار ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ ئاجىزلاشمىغۇچە بىرەر تاشقى دۈشمەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالىغان ئەمەس.